www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئۆمەر داۋۇت

# 乌买尔·达吾提教授



ئۆمەر داۋۇت، ئۇيغۇر، پروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى تىلشۇناسلىق كافېدراسىنىڭ مۇدىرى؛ شىنجاڭ مىللەتلەر تىل-يېزىقى تەرجىمە تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى. ئۇ 1963 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ توقسۇ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى تولۇق كۇرس كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ فاكۇلتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1990 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ماگىستىر ئۇنۋانى ئالغان. 2004 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە ئامېرىكا ۋىسكانسىن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي زىيارەتتە بولغان؛ 2011 - يىلى 9 - ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە دوكتورانت بولۇپ ئوقۇماقتا؛ 1990 - يىلى لېكتور، 2000 - يىلى دوتسېنت، 2012 - يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىلدىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە نەزەرىيە تىلشۇناسلىقى ئوقۇتۇشى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ئۆمەر داۋۇت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان»، «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى»، «ئەمەلىي تىلشۇناسلىق»، «تەرجىمە ماھارىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى، ماگىستىرانتلارغا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، «تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن؛ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۈتاش دەرسلىكى «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئۆزئارا تەرجىمە دەرسلىكى» (1999 - يىلى) نى تۈزۈشكە قاتناشقان؛ 2010 - يىلى ماگىستىرانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ھازىرغىچە 7 ئاسپىرانت يېتەكلىگەن؛ 2002 - يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2 - قارار ئاساس دەرس تايانچ ئوقۇتقۇچىسى»، 2009 - ۋە 2011 - يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى بويىچە مۇنەۋۋەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالانغان؛ 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «كوچما ياسۇتاكا مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلىرىغا كۆپ قېتىم ئېرىشكەن.

ئۆمەر داۋۇت ھازىرغىچە ئېلىمىزدىكى تۈرلۈك ئىلمىي ژۇرناللاردا 70 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنگلىزچە كىرمە سۆزلەر ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ماقالىلىرى گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «تۈركىي تىللار» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان؛ «ئۇيغۇر تىلى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرى 2011 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛ ئۇ يەنە «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە خەنزۇچە دەرس ئۆتۈش سىنىقى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان؛ ھەر دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىدىن ئالتىسىگە ئاساسلىق ئەزا سۈپىتىدە قاتناشقان؛ ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى» (2004 - يىلى) تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە قاتناشقان؛ ھازىر دۆلەت ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى تاۋۇشلۇق ئارخىپىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەتقىقاتى»، « خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئىككى تېمىسىغا، يەنە ئۆلكە - مىنىستىرلىق دەرىجىلىك بىر تېمىغا، نازارەت ۋە مەكتەپ دەرىجىلىك ئىككى تېمىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا. ئۇ يېزىشقا قاتناشقان بىر ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 5 - قېتىملىق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا، 5 پارچە ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەرجىمە ماقالىسىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۆمەر داۋۇت ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئامېرىكا ئوتتۇرا ياۋرو - ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، خەلقئارا قوش تىل تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى؛ كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ماقالە ئوقۇغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پىروفېسسور مۇھەممەت زۇنۇن

## 买买提·祖农教授



پىروفېسسور، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت زۇنۇن 1937 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1948 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1952 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1954 ـ 1958 ـ يىلىغىچە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كافېدىرا مۇدىرى، تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (1979 ـ 1982 ـ يىللىرى)، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (1982 ـ 1985 ـ يىللىرى)، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى(1985 ـ 1988 ـيىللىرى)، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى (1988 ـ 2004 ـ يىللىرى) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە پەن ـ مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (1997 ـ 1999 ـ يىللىرى) بولغان. 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر قاراردىن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيەت جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1983 ـ يىلى تىل ـ ئەدەبىيات پەنى بويىچە دوتسېنتلىق، 1985 ـ يىلى پىروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

پىروفېسسور مۇھەممەت زۇنۇن بىر تەرەپتىن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقى ۋە بىر قاتار مەمۇرى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن باشقا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك، ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى زامان باسقۇچىدا «يېڭى دەۋر ناخشىسى»، «‹باغۇەن قىز› ناملىق ھېكايە ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. 1960 ـ 1970 ـ يىللاردا ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، بولۇپمۇ 1980 ـ يىللاردىن تارتىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، «شېئىرىي ئوبراز توغرىسىدا»، «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ھازىرمۇ تۈپ ئاساسىي مەسىلە»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشلىقى توغرىسىدا»، «ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكلى توغرىسىدا»، «خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىنى، «ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرەيلى» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى يازغان. مۇشۇ ئاساستا تەنقىدچىنىڭ «ئىزدىنىش»، «ئوبراز، ئۇسلۇب، خاراكتېر»، «يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرى توپلىمى نەشر قىلىنغان.

پىروفېسسور مۇھەممەت زۇنۇننىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ خېلى گەۋدىلىك. ئۇ بۇ ساھەدە «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكىللىرى توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازغان، ئابدۇكېرىم راھمان بىلەن بىرلىكتە يازغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» ناملىق ئىلمىي كىتابى نەشر قىلىنغان. 1982 ـ 1986 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» ناملىق ئالتە قىسىملىق كىتابنى ئىشلەشكە قاتناشقان، بەزىلىرىنى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. مۇشۇ كىتابلار ئاساسىدا 2012 ـ يىلى نوتىسى بىلەن قوشۇلۇپ نەشر قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»نى ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلغان.

پىروفېسسور مۇھەممەت زۇنۇن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ۋە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇناسىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن؛ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە زور ھەسسە قوشقان داڭلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى.

维普资讯 http://www.cqvip.com

www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور مەمتىمىن غېنى
# 买买提明·艾尼教授



مەمتىمىن غېنى، ئەر، ئۇيغۇر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور، پوستدوكتور. 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى باداۋان كۆمۈر كېنىدا تۇغۇلغان. 1970 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 38 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ئاندىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، تولۇق ئوتتۇرىنى 1972 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1977 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، باداۋان كۆمۈر كېنىدا كۆمۈركان ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1978 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىنستىتۇتتا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1990 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە، ياپونىيە توكيو پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، سانائەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1996 ـ يىلى ياپونىيە ئىلىم ـ پەن يۈكسەلدۈرۈش ئاكادېمىيىسىنىڭ JSPS پوستدوكتورلار ئورنىغا كىرىپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1999 ـ يىلى تەتقىقاتىنى غەلىبىلىك تاماملاپ ۋەتەنگە قايتقان. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، ياپونىيە پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى، 2003 ـ يىلدىن باشلاپ، جۇڭگو غەربىي ـ شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، 9 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 2004 ـ يىلى شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى، 2006 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى بولغان.

ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن تارتىپ هازىرغا قەدەر، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن تۆت تۈرگە، ئۆلكە دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن تۆت تۈرگە مەسئۇل بولۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان. خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرىدىنمۇ سەككىز تۈرگە هەمكارلىشىپ قاتناشقان. بەش تۈردە ئۆلكە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا (ئىككى تۈردە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتى، ئىككى تۈردە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى قاتارلىق مۇكاپاتلار) غا ئېرىشتى. ئۇ باشچىلىقىدا تەتقىق قىلىپ، ياساپ چىقىلغان KOKLE PC-Cluster پاراللېل كومپيۇتېرى ۋە دولقۇنسىمان شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان چەكلىك ئېلېمېنتلىق ئانالىز قوشۇمچە يۇمشاق دېتال سىستېمىسى ئۆلكە دەرىجىلىك باهالاشتىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئېلىمىزدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم زور ئىنژېنېرلىق مەسىلىلىرىنى سان ـ سىفىرلىق هېسابلاش مۇهىتىنى هازىرلاپ، بۇ ساهەدە زور تەسىر قوزغىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ئىشلىتىپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى چاڭچۈن قوللىنىشچان خىمىيە تەتقىقات ئورنى، جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە غەربىي ـ شىمال سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرى هەم بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى خادىملار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىشلەتمەكتە.

ئۇ ئالاقىدار خەلقئارالىق ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتنىشىپ ماقالە ئوقىدى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى داڭلىق ژۇرناللاردا 120 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، بۇلار ئىچىدىكى 35 پارچە ماقالىسى SCi ۋە Ei غا كىرگۈزۈلدى، بەزى ماقالىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن 50 قېتىمدىن ئارتۇق پايدىلىنىلغان بولۇپ، ئۆز ساهەسىدىكى خادىملارنىڭ بىردەك ياخشى باهاسىغا ئېرىشتى. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىنژېنېرلىق ساهەسىدىكى هېسابلاش ۋە تەرجىمە مېخانىكىسى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى (ECM) دائىمىي كومىتېتىنى تەسىس قىلىپ، كۆپ قېتىم خەلقئارالىق يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇردى. 2003 ـ يىلدىن باشلاپ، ياۋروپا ئۇچۇر ۋە ماتېماتىكا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، 2004 ـ يىلدىن باشلاپ، يىراق شەرق ـ تىنچ ئوكيان زەخىملىنىش مېخانىكىسى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى بولدى. شۇنداقلا، رەئىس ۋە باش كاتىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆت قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىنى غەلىبىلىك ئېچىپ تاماملىدى.

پروفېسسورنىڭ تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە ۋە تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور مەمتىمىن سۇلايمان

## 买买提明•苏来曼教授



مەمتىمىن سۇلايمان، ئۇيغۇر، 1964 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چىرا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، پروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ئىنستىتۇتى بوتانىكا دەرسىنىڭ نوپۇزلۇق ئوقۇتقۇچىسى ۋە بوتانىكا دەرسىنىڭ مەسئۇلى.

مەمتىمىن سۇلايمان 1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىيولوگىيە كەسپىدە تولۇق كۇرستا ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆز فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىدا، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياپونىيەگە چىقىش تەييارلىق كۇرسىدا تەربىيەلەنگەن. 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە يەنە بېيجىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپون تىلى كۈچەيتىش سىنىپىدا ياپون تىلى ئۆگەنگەن. 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ياپونىيە خىروشىما ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتچى مۇتەخەسسىسلىككە ئەۋەتىلگەن. 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2006 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە خىروشىما ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆسۈملۈك ئىلمى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان.

ئۇ 1994 ـ يىلى لېكتور، 1999 ـ يىلى دوتسېنت، 2011 ـ يىلى پروفېسسور بولۇپ باھالانغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىدا بىيولوگىيە فاكۇلتېتى ئۆسۈملۈكلەر كافېدراسىنىڭ مۇدىرى ۋە بىيولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ.

مەمتىمىن سۇلايمان خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ئىزچىل تۈردە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ماگىستىرانتلارغا دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆسۈملۈكلەر سىستېماتىكىسى ۋە تاكسونومىيەسى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئەنئەنىۋى ۋە مولېكۇلا سەۋىيەسىدە تۈرگە ئايرىش، مۇخلار ئىلمى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاكتىپ تەركىبىنى ئايرىش، ئۆسۈملۈك فلوراسى قاتارلىق تېمىلار بويىچە سىستېمىلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، بولۇپمۇ مۇخ ئۆسۈملۈكلىرىنى سىستېمىلىق تۈرلەرگە ئايرىش ۋە مۇخ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. مەمتىمىن سۇلايمان شىنجاڭ مۇخ ئۆسۈملۈكلىرىنى سىستېمىلىق تۈرگە ئايرىش تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق تاغلىرىدىكى مۇخ ئۆسۈملۈكلىرى فلوراسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۈرلەرنىڭ تارقىلىشى جەھەتلەردە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، يېڭى تۈردىن ئىككىنى، جۇڭگودا يېڭىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان تۈردىن48 نى، شىنجاڭدا يېڭىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان تۈردىن 180 نەچچىنى بايقىغان. بۇ تەتقىقات تۈرى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرى شىنجاڭ مۇخ ئۆسۈملۈكلىرى تەتقىقاتى ۋە جۇڭگو مۇخ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى تەتقىقاتىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالى سۈپىتىدە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.


مەمتىمىن سۇلايمان ھازىرغا قەدەر دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن تۆتكە، ئۆلكە ۋە نازارەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن بەشكە يېتەكچىلىك قىلغان، خەلقئارالىق تەتقىقات تۈرىدىن ئىككىگە قاتناشقان. مەمتىمىن سۇلايماننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇخ ئىلمى تەتقىقاتىغا ئائىت 10 نەچچە پارچە ماقالىسى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق مۇخلار ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇلۇپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. ئۆزى مۇستەقىل ياكى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلان قىلغان 90 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمى ژۇرناللاردا ۋە SCI غا قوبۇل قىلىنغان ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

مەمتىمىن سۇلايمان نۆۋەتتە خەلقئارا مۇخ تەتقىقاتچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ياپونىيە مۇخلار ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئۆسۈملۈكلەر ئىلمىي جەمئىيىتى مۇخلار كەسپىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ بىيو ـ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، «قۇرغاق رايونلار تەتقىقاتى» ئىلمىي ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئىشلىمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور يالقۇن مەمەتيار

## 亚里坤 • 买买提亚尔教授



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى يالقۇن مەمەتيار 1973 ـ يىلى ئاتۇش شەھرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1996 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ باكلاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2008 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماركسىزم نەزەرىيەسى ۋە ئىدىيە سىياسىي تەربىيە كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2012 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا تايانچ كادىرلىرىنى تەربىيەلەش پىلانى بويىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتىدا ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 2008 ـ يىلى دوتسېنتلىق، 2016 ـ يىلى پروفېسسور كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

پروفېسسور يالقۇن مەمەتيار ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتناشتى ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تەلىم ـ تەربىيەنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات نىشانى قىلغان بولۇپ ئىلگىرى ـ ئاخىر دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ـ بازار ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا بولغان ئىدېئولوگىيە تەربىيەسىنىڭ ئۈزۈك مۇددەتلىك ئۈنۈملۈك مېخانىزمى توغرىسىدا تەتقىقات»؛ مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ ئىنسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدېئولوگىيەسى تونۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش يوللىرى توغرىسىدا تەتقىقات» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. شۇنداقلا «ئوتتۇرا جەنۇب مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «چىڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «خېيلوڭجياڭ مىللەتلەر مەجمۇئەسى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا «شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياش ‹ماركسىزمچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى› نى يولغا قويۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلەر ۋە ئەمەلىي مۇلاھىزە»، «شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە تەربىيەلەش يوللىرى» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغان.

پروفېسسور يالقۇن مەمەتيار خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە ئوقۇتۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تىرىشىپ خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەتقىقاتى تۈرلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ ۋە قاتنىشىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇاڭخۇا ئوقۇتۇش مۇكاپاتى، باۋشەن پولات ـ تۆمۈر شىركىتى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۆتتە ياخشى ئوقۇتقۇچى (2016)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى (2016) قاتارلىق شەرەپ ـ ناملارغا ئېرىشكەن. ئۇ داۋاملىق مەكتەپ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا.

维普资讯 http://www.cqvip.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور هوشۇر ئىسلام

هوشۇر ئىسلام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ـ ئاسپىرانت يېتەكچىسى، ئىككى قېتىم جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىكىگە كۆرسىتىلگەن نامزات، دۆلەتلىك ئالاھىدە تۆھپىكار مۇتەخەسسىس، دۆلەتلىك ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس (ئۈچ قاتار)، دۆلەتلىك 10 مۇنەۋۋەر مۇھاجىر خادىمنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتچىلەر



كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كومپيۇتېر ـ ئۇچۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەم مۇئاۋىن مۇدىرى. 1982 ـ يىلى بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 1984 ـ يىلى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 1991 ـ يىلى كانادا ئالبېرتا ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 1997 ـ يىلى ئامېرىكا رايت ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان.

پروفېسسور هوشۇر ئىسلام دۆلەتلىك 211 قۇرۇلۇشى «شىنجاڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئالاقە ئىلمى» نۇقتىلىق پەن قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچىسى، كومپيۇتېر ـ ئۇچۇر ماگىستىرلىق تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ھەم كۆپ خىل تىل ـ يېزىقلىق ئۇچۇر تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ قۇرغۇچىسى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى 40 تىن ئارتۇق ئاسپىرانت ۋە ياش تايانچلارنى تەربىيىلىگەن. خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ژۇرناللاردا 60 تىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئىككى قېتىم خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان، 15 قېتىمدىن كۆپرەك خەلقئارالىق يىغىنلاردا ماقالە ئوقۇغان. 10 پارچە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى تۈزگەن. 10 مىڭدىن ئارتۇق كومپيۇتېر ئېلېكترون سۆزلۈكلىرىنىڭ ئۆلچەملىك ئاتالغۇسىنى بېكىتىپ چىققان. بۇلار ھەرقايسى ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ.

پروفېسسور هوشۇر ئىسلام ھازىرغىچە دۆلەت 863 يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقات پىلانىدىكى ئىقتىدارلىق ماشىنا تەتقىقات تۈرىدىن يەتتە تۈرگە، دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تەتقىقاتىدىن ئۈچ تۈرگە، يەنە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 15 تۈرگە يېتەكچىلىك قىلغان. 20 دىن ئارتۇق كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش يېڭى سىستېمىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى تېخنىكىلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىلغارى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۈچ تۈردە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا ئىلغارى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئالتە تۈردە مەملىكەتلىك تۇنجى ئىجادىيەت ۋە خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيە دەپ بېكىتىلگەن. بەش تۈردە مەملىكەتلىك ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. سەككىز تۈردە مەملىكەتلىك پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. نۆۋەتتە دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن سەككىز تۈرگە يېتەكچىلىك قىلماقتا. ئۇ سەبداشلىرى بىلەن 20 يىل ئىجادىي ئىشلەش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت ئۇچۇر ـ تېخنىكىسى ئىشلىرى يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىقتىدارلىشىش، تورلىشىش، كۆپ مۇھىتلاشتۇرۇش يېڭى سەۋىيىسىگە كۆتۈردى. 20 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ياسالغان مەھسۇلاتلار شىنجاڭ ھەم چەت ئەللەرگە تارقالدى. ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ساھەسى بارلىققا كەلدى. بۇ تەتقىقات بازىسى رايونىمىزنىڭ كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بازىسىغا ئايلاندى. ئۇ قۇرغان ئۇنىۋېرسىتېت فاڭ يۈەن، لەنخۇا، سەردار شىركەتلىرى بازا بىلەن بىرلىشىپ تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ـ مۇلازىمەت ۋە ئوقۇتۇش بىرلەشتۈرۈلگەن بازىغا ئايلاندى.

هوشۇر ئىسلامدەك تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز، ئوخشاشلا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەردەك، ئىسلاھات، رىقابەت دەۋرىنىڭ پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەقلىي قۇۋۋەت كارامىتىنى كۆرسىتىپ، مەملىكەت ۋە خەلقئارالىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇرتىمىزنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ، كەڭ سەپ بويىچە ئىجاد، روھ، جاسارەت ئۇرغۇتىشتا زور رول ئوينىماقتا. بۇلار شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنىڭمۇ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشىگە ھەم ئۈلگە ـ نەمۇنە تىكلەپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

# نۇرمۇھەممەت زامان

努尔买买提 • 扎满副教授




نۇرمۇھەممەت زامان (1939 ـ 2010) قورغاس ناھيەسىدىن. 1950 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھرىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1956 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ۋە مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە تيەنجىندىكى نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان، شۇنىڭدىن تارتىپ دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى ۋە 1984 ـ يىلدىن كېيىن ئاخبارات كافېدراسى، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن، 37 يىل ئوقۇتقۇچى بولۇش جەريانىدا «ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن تاللانما»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» ۋە «كىنو ئەدەبىياتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن ۋە دەرسلىك كىتابلىرىنى يېزىپ چىققان. 1988 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش سارىيى ئۇ سۆزلىگەن «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»نى سۈرەتكە ئېلىپ تارقاتقان، بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسىنىڭ تۇنجى قېتىم تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق تارقىتىلىشى ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بىيجىڭ، كۇنمىڭ، خەينەنداۋ، قاراماي، غۇلجا، مارالبېشى، بورتالا ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كونسۇلتاتسىيەلەردە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرغان، ئۇنىڭ ھەر قايسى نەشرىيات، گېزىت ـ ژۇرناللاردا 160 پارچىدىن ئوشۇق شېئىر ـ داستان، ساتىرا، ـ كىنو سىنارىيەسى، ئەدەبىي ئاخبارات، ھېكايە، پوۋېستلىرى، 30 پارچىدىن كۆپ ئوبزور، ئىلمىي ماقالىلىرى ھەمدە «دانىشمەن بالا»، «قەدىناسلار» ناملىق ئەدەبىي كىتابلىرى نەشر قىلىنغان، ئۇ كېيىنكى يىللاردىكى ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن كىنو ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت يېڭى تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ جەھەتتە كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان ۋە شۇ ئاساستا 1992 ـ يىلى «كىنو ۋە كىنو ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ كىنوچىلىقى ساھەسىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغان. «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر» (شىنجاڭ رادىيو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 1983 ـ يىلى ئاددىي ئاق باسما شەكلى بىلەن مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان)، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان ۋە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنى بايان قىلىشقا بېغىشلانغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4 ـ قىسىم، 1988 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4 ـ قىسىم، 1995 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تولۇقلاپ ۋە تۈزىتىپ نەشر قىلغان)، ئالىي مەكتەپلەر، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە كەسپىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك بولغان «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشر قىلغان) قاتارلىقلارنى يېزىپ چىققان. «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» دىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ جۇڭگودا بارلىققا كېلىشىگە مۇستەھكەم ئاساس ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى مۇشۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كىتابلىرى تەكرار بېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىش، بېيىتىلىش، ئىلمىيلىشىش، ساغلاملىشىش ۋە سەۋرچانلىقتا ئىگە بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. بۇنى ئۇستاز ئېرىنمەستىن، ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، ھاۋايى ـ ھەۋەس، نام ـ ئابرۇيدىن خالىي ھالدا ئىشلەپ چىققان بولۇپ، ياشلارنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

دوتسېنت نۇرمۇھەممەت زامان ھايات چېغىدا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مائارىپ ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ كىنوچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# پىروفېسسور نۇرشات جۇماش

## 努尔夏提•朱马西教授



پىروفېسسور نۇرشات جۇماش 1959 ـ يىلى شىنجاڭ قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. پىروفېسسور، دوكتور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. نۇرشات جۇماش 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئەسلىدىكى شىنجاڭ بىرىنچى ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1983 ـ يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇق كۇرسنى تۈگىتىپ، ئۆز فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ لېكتور ۋە كېيىن دوتسېنتلىق ئۇنۋانىنى ئالغان ھەمدە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كەسپى بويىچە ماگىستىرانت يېتەكچىسلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. 1995 ـ يىلى ئۇ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا « يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» كەسپى بويىچە دوكتورلۇققا ئوقۇشقا كىرگەن. 1999 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئوقۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ سانائەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، « يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» كەسپى بويىچە مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تۇنجى دوكتور بولۇپ قالغان.

ئۇ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 2000 ــ 2001، 2001 ــ 2002 ئوقۇش يىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن مەكتەپ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. بۇ جەرياندا يەنە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ 40 ـ قارارلىق شىنجاڭدىكى ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيەلەش سىنىپى، دۆلەتلىك مائارىپ مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتىنىڭ 39 ـ قارارلىق ئالىي مەكتەپ رەھبىرىي كادىرلىرىنى تەربىيەلەش سىنىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ 62 ـ قارارلىق نازىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيەلەش سىنىپى قاتارلىقلاردا ئوقۇغان.

پىروفېسسور نۇرشات جۇماش 30 نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا خەنزۇ ۋە مىللىي سىنىپلاردىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا « يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى باشقۇرۇش»، « ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئىلمى » قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق پەندىن، ماگىستىر ئوقۇغۇچىلارغا « سىستېما قۇرۇلۇشى»، «ئالىي دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىلمى» قاتارلىق پەنلەردىن سىستېمىلىق دەرس بېرىپ، مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان. ئۇ يەنە تەكلىپكە بىنائەن كۆپ قېتىم ئالاقىدار نازارەت، ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلارغا بېرىپ، « پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە كەسپلەشتۈرۈش» قاتارلىق نۇرغۇن تېمىلار بويىچە لېكسىيە سۆزلەپ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.

ئۇ دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «95» ئۆتكەلنى بۆسۈش تەتقىقات تۈرى «پاختا تېرىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە سىناش» (4MZ—2) ؛ «كورلىنىڭ شەھەر قاتنىشىنى لايىھەلەش»، «كۆكتاتلارنى پىششىقلاش ئۈسكۈنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتناشقان ۋە يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ جەرياندا ئىلمىي تەتقىقاتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ « يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى ژۇرنىلى»، « يېزى ئىگىلىكى ماشىنىسازلىقى»، « شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلغان ۋە 10 دىن ئارتۇق ماگىستىرانت تەربىيەلەپ چىققان. ئۇ يەنە «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ئاپتوموبىل تېخنىكىسى لۇغىتى»، « يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسى» قاتارلىق 6 پارچە كىتابنى تۈزۈشكە؛ «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرلىرى ئوقۇشلۇقى»، «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىك قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان.

نۇرشات جۇماش جۇڭگو يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى يەتتىنچى قېتىملىق مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش شۆبە جەمئىيىتى 8 ـ قېتىملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ تەكلىپلىك مۇتەخەسسىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاپتوموبىل ـ ترانسپورت بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چەت ئەلدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن خادىملار بىرلەشمە دوستلۇق ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭدىكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن خادىملار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق مۇئاۋىن باشلىقى.

پىروفېسسور نۇرشات جۇماش نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقى ۋە مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور نۇرباي ئابدۇسالىخ
## 努尔巴依·阿布都沙力克教授



نۇرباي ئابدۇسالىخ پروفېسسور، دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، تاتار، 1959 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىنى تاماملاپ، *فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا* تاللانغان. 1991 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1993 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە بۇلغارىيە سوفىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. رۇس، بۇلغار، يۇگوسلاۋىيە، تۈرك تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1999 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 2005 - يىلى گېرمانىيە Greifswald ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتتە بولغان ھەمدە 2007 - يىلى 11 - ئايدا مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھاياتلىق ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان.

ئۇ 1995 - يىلىدىن 2001 - يىلى 5 - ئايغىچە بايلىق مۇھىت ۋە ئۇچۇر ئىلمى فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. «بوستانلىق ئېكولوگىيە تەجرىبىخانىسى» نىڭ ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نۇقتىلىق پەنلىرىنىڭ باشلامچىسى بولغان. 2005 - يىلى 9 - ئايدىن 2006 - يىلى 9 - ئايغىچە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكە تەجرىبىخانىسى بىلەن ھايۋانات - ئۆسۈملۈك فىزىئولوگىيىسى تەجرىبىخانىسىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ تەجرىبىخانىلار مەركىزىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» نى تەكشۈرۈپ، باھالاش خىزمەتلىرىدە ھالقىلىق رول ئوينىدى.

نۇرباي «ئۆسۈملۈك جۇغراپىيىسى»، «تۇپراق جۇغراپىيىسى»، «مىقدار جۇغراپىيىسى»، «تەبىئىي جۇغراپىيە»، «رۇس تىلى ئاساسلىرى»، «كەسپىي رۇس تىلى»، «جانلىقلار ستاتىستىكا ئىلمى» قاتارلىق ئوتتۇزنەچچە خىل دەرس ئۆتكەن.

ئۇ ئوقۇتۇش بىلەن بىرگە يەنە پەن - تەتقىقات ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. 1985 - يىلىدىن بۇيان خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، رۇس، ئىنگلىز، *تاتار ۋە بۇلغار تىللىرىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ژۇرناللاردا 62 پارچە ئىلمىي* ماقالە ئېلان قىلغان، ئالتە پارچىسى مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزى تەييارلىغان ياكى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەييارلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان.

ئۇ باشچىلىق قىلغان تەتقىقات تۈرلىرى

1. جۇڭگو - گېرمانىيە ھەمكارلىقىدىكى «جۇڭگو شىنجاڭ توغراق تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايوننىڭ يەردىن پايدىلىنىشى ۋە سىجىل تەرەققىياتى»
2. جۇڭگو - گېرمانىيە ئىلىم ئالماشتۇرۇش مەركىزى ھەمكارلىقىدىكى «مۆتىدىل بەلباغ چۆللۈكى دەريا قىرغىقى ئورمانلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگۈچى ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېما مۇلازىمەت قىممىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى».
3. جۇڭگو - گېرمانىيە ئىلىم ئالماشتۇرۇش مەركىزى ھەمكارلىقىدىكى: «مۆتىدىل بەلباغ چۆللۈكى دەريا قىرغىقى ئورمانلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگۈچى ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يەر ئاستى ئېكولوگىيىلىك جەريانى ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېما مۇلازىمەت قىممىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى».
4. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بوستانلىق ئېكولوگىيىسى مائارىپ مىنىستىرلىقى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنىڭ «تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ يەر ئاستى ئېكولوگىيىسى تەتقىقاتى» قاتارلىقلار.

ئۇ قاتناشقان تەتقىقات تۈرلىرى

1. «جۇڭگونىڭ غەربىدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش».
2. «شىنجاڭ كېرىيە بوستانلىقىنىڭ LUCC ئۆزگىرىشى ۋە مۇھىت تەسىرى».
3. قۇرغاق رايونلار تۇپرىقىنىڭ شورلىشىپ كېتىشى ۋە دىنامىكىلىق ئۆزگىرىشىنى مۆلچەرلەش».
4. «تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى لىشايىنىكلار تەتقىقاتى».
5. «ئاق تىكەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سىستېماشۇناسلىق ۋە تۈرلەرگە ئايرىش تەتقىقاتى».
6. «ئالتاي ئېغى ئىككى دەريا مەنبەسى تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايوننىڭ قۇرۇلۇشى».
7. «شىنجاڭ قاناس دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايوندىكى لىشايىنىكلارنىڭ فىلورىسى جۇغراپىيە تەتقىقاتى».
8. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «پەن - تەتقىقات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەبىئىي جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا، 2000 - يىلىدىن بۇيان ئىككى قېتىم چەت ئەلدىكى، توققۇز قېتىم دۆلەت ئىچىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ھەم پىكىر بايان قىلغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە 1987 - يىلىدىن 2008 - يىلىغا قەدەر ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەر خىل مۇكاپاتلىرىغا تەخمىنەن 19 قېتىم ئېرىشكەن.

ئۇ ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 12 ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ياكى ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئىسمائىل نىياز

## 司马义·尼牙孜教授



پروفېسسور ئىسمائىل نىياز 1948 - يىلى 5 - ئايدا تۇرپان شەھرىدە تۇغۇلغان. 1954 - يىلى 9 - ئايدىن 1961 - يىلى 7 - ئايغىچە تۇرپان شەھرى ئۈزۈمچىلىك يېزا بويلۇق مەكتىپىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇغان. 1961 - يىلى 9 - ئايدىن 1964 - يىلى 7 - ئايغىچە تۇرپان شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان. 1964 - يىلى 8 - ئايدىن 1973 - يىلى 8 - ئايغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈزۈمچىلىك يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىدا مۇئاۋىن شۇجى، شۇجى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1973 - يىلى 9 - ئايدىن 1977 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ مەكتەپنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1992 - يىلى دوتسېنتلىق، 2004 - يىلى پروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىنى ئالغان.

پروفېسسور ئىسمايىل نىياز 1984 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش بۆلۈمى سىياسىي ئىقتىساد كافېدراسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1989 - يىلى 1 - ئايدىن 1995 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1995 - يىلى 3 - ئايدىن 1999 - يىلى 1 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1999 - يىلى 1 - ئايدىن 2001 - يىلى 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2001 - يىلى 4 - ئايدىن 2007 - يىلى 8 - ئايغىچە ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى پارتكوم شۇجىسى (ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى)، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 2007 - يىلى 8 - ئايدا پېنسىيەگە چىققان.

پروفېسسور ئىسمايىل نىياز 30 نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا «ماركسىزملىق سىياسىي - ئىقتىساد»، «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئاساسىي نەزەرىيەسى» قاتارلىق يەتتە خىل دەرسنى تولۇق كۇرۇس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتكەن. 1981 - يىلدىن بۇيان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئاساسىي نەزەرىيەسى»، «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» نى ئۆگىنىش كۆرسەتمىسى قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە، «جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى دەرسلىكى»، «ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى دەرسلىكى» قاتارلىق يەتتە خىل دەرسلىكنى تەرجىمە قىلىشقا قاتنىشىپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلاردا دەرسلىك كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئۇ تۈزۈشكە قاتناشقان «ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى دەرسلىكى» 1992 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر دەرسلىك بولۇپ باھالانغان. ئۇ يەنە «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنى كۈتۈۋېلىپ، دۆلەتنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسىنى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ ماقالىلەردىن بەش پارچىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

پروفېسسور ئىسمايىل نىياز 1985 - ، 1987 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» ۋە «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. 1984 - ، 1998 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 2005 - ، 2006 - ، 2007 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «دېموكراتىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ‹ئۈچتە ئەلا تەربىيەچى» بولۇپ باھالانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلامنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

# 吾守尔•斯拉木院士简介



ھوشۇر ئىسلام 1942 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، چاپچال ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، 2011 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسى ئۇچۇر - ئېلېكترون قۇرۇلۇشى بۆلۈمىنىڭ ئاكادېمىكلىقىغا سايلانغان، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر پەن - تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورانتلار يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى»نىڭ نۇقتىلىق پېنى «شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئالاقە»نىڭ پەن يېتەكچىسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلەشكۈچى مۇتەخەسسىس، گوۋۇيۈەنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى مۇتەخەسسىس، دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان مۇتەخەسسىس، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېرنى ئەمەلىي قوللىنىش دوكتورلۇق نۇقتىسى ۋە پوستدوكتورلار كۆچمە تەتقىقات نۇقتىسى، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ۋە نەزەرىيەسى قاتارلىق 4 ماگىستىرلىق نۇقتىسىنىڭ پەن يېتەكچىسى. ئاساسلىق ئىلمىي ۋەزىپىلىرى جۇڭگو يېزىق ئۇچۇرلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ كومپيۇتېر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، شىنجاڭ كومپيۇتېر مائارىپى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە - ھۆكۈمەت مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى.

ھوشۇر ئىسلام دۆلەتلىك كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان پېشقەدەم مۇتەخەسسىس، مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، مەملىكەتلىك 10 مۇنەۋۋەر مۇھاجىرنىڭ بىرى قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن، جياڭ زېمىن، لى پېڭ، لى لەنچىڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشكەن.

ئاكادېمىك ھوشۇر ئىسلام ئۇزۇندىن بۇيان كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى، كومپيۇتېرنى ئەمەلىي قوللىنىش ۋە تور تېخنىكىسى تەتقىقاتى ھەم ئۇنى قوللىنىش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، 120 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن 9 پارچىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان. كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش سىستېما يۇمشاق دېتالىدىن 20 نەچچىنى تەتقىق قىلىپ چىققان ۋە كېڭەيتكەن؛ كومپيۇتېردا مىللىيچە يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ساھەسىنى ئاچقان؛ كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇر تېخنىكىسىنى كۆپ ۋاستىلىكلەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىيچە يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى نۇرغۇن قىيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان؛ مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئالاقىدار شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ كۆپ خىل يېزىق ئۇچۇرلىرى تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مۇلازىمەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقات بازىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن؛ شىنجاڭنىڭ كۆپ خىل تىل - يېزىقلىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور غوپۇر مىجىت ھېكىم

## 吾甫尔·米吉提·哈凯穆教授



غوپۇر مىجىت ھېكىم، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى. 1958 - يىلى 25 - ئىيۇل ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1971 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1971 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1976 - يىلى دېكابىردىن 1978 - يىلى فېۋرالغىچە، ئۈرۈمچى ناھىيىسى غالىبىيەت چارۋىچىلىق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1978 - يىلى مارتتىن 1983 - يىلى فېۋرالغىچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1983 - يىلى مارتتىن 1986 - يىلى فېۋرالغىچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسىدا ماركسىزملىق پەلسەپەسى ۋە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. 1986 - يىلى مارتتا بىئولوگىيە فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ، ھازىرغا قەدەر ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. 1988 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتىن باشلاپ رۇس تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ 1985 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە ۋە 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە رۇس تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. 1996 - يىلى رۇسىيەنىڭ سانكت - پېتىربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتچى مۇتەخەسسىسلىككە ئەۋەتىلگەن. ئۇ بۇ جەرياندا، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا گېنېتىكا بويىچە بىلىم ئاشۇرغان ھەمدە فوتوپىگمېنتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك سىنتېز قىلىنىشى بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1999 - يىلدىن باشلاپ، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ 1999 - يىلى دوتسېنتلىق، *2004* - يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. *2001* - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىر يېتەكچىسى، 2006 - يىلى ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتۇر يېتەكچىسى بولغان. 2007 - يىلدىن باشلاپ بىئو - تېخنولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 2009 - يىلى ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

پروفېسسور غوپۇر مىجىت ھېكىم ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەپ كەلدى. بۇ جەرياندا ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ماگىستىرلىرىغا «ھۈجەيرە بىئولوگىيىسى»، «ھۈجەيرە بىئولوگىيىسى تەجرىبىسى»، «ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ تېخنىكىسى»، «فوتوسىنتېزنىڭ مولېكۇلالىق مېخانىزمى»، «بىئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىياتلىرىدىن لېكسىيە» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى. «ھۈجەيرە بىئولوگىيىسىنىڭ تەجرىبە قوللانمىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىدى. «خلامىدوموناس رېيىنخاردتىنىڭ ھۈجەيرە بىئولوگىيىسى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش مېتودلىرى» ناملىق خەنزۇچە دەرسلىكنى تۈزدى. 2005 - يىلى ھۈجەيرە بىئولوگىيىسى كەسپىنىڭ ماگىستىر تەربىيىلەش ئورنى سالاھىيىتىنى ئىلتىماس قىلىپ قولغا كەلتۈردى. ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2004 -، 2005 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇ 1996 - يىلدىن باشلاپ «فوتوپىگمېنتلارنىڭ بىئولوگىيىلىك سىنتېز قىلىنىشىنىڭ گېنېتىكىلىق كونترول قىلىنىشى» ۋە 2004 - يىلدىن باشلاپ «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياشىغۇچى مىكرو ئورگانىزملار بايلىقىدىن پايدىلىنىش» ساھەسىدىكى تەتقىقاتلارنى ئىشلىدى. 2001 - يىلدىن باشلاپ، دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ تۆت تۈرىگە، دۆلەتلىك چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىككى تۈرىگە، ئۆلكە ۋە مىنىستىرلىق دەرىجىلىك ئىككى تۈرگە مەسئۇل بولۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھازىرغا قەدەر دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ ئۈچ تۈرىنى تاماملىدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ژۇرناللاردا 80 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئالاقىدار خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى. رۇسىيە، ئامېرىكا ۋە قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دوكلات ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ئىشلىدى ۋە ئاسپىرانت تەربىيىلىدى.

ئۇ 2001 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كەسپىي - تېخنىكا خادىمى بولۇپ مۇكاپاتلاندى، ئىككى پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى 2003 -، 2005 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ماقالىلەرنى باھالاشتا، مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2008 - يىلى كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماسى دۆلەتلىك پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۇ 2005 - يىلى باۋگاڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش مۇكاپاتىنىڭ «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» سى، 2007 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئىلغار ئىلمى تەتقىقات خىزمەتچىسى، 2008 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

پروفېسسور غوپۇر مىجىت ھېكىم ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ «ئۆسۈملۈك بىئو - تېخنىكىسى» مەركىزى تەجرىبىخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەملىكەتلىك ئىرسىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، مىكروئورگانىزملار ئىرسىيىتى كەسپىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىرسىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، مەملىكەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندى كومىتېتىنىڭ تەتقىقات تۈرىنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى.

# پىروفېسسور خالىدە ئابدۇرېھىم

## 哈力旦 • 阿布都热依木教授



پىروفېسسور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى خالىدە ئابدۇرېھىم 1959 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1983 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ سانائەت ۋە ئېلېكتىر ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، سانائەت پەنلىرى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىئەن ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئەقلىي ئىقتىدارلىق سېزىش ۋە تەسۋىر ئۆزلەشتۈرۈش تەجرىبىخانىسى»دا ئىككى يىل ئالىي دەرىجىلىك زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە كۆرۈنمە چاستوتىنى كودلاشتۇرۇش، تەسۋىر بىر تەرەپ قىلىش ۋە پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

خالىدە ئابدۇرېھىم ئۇزۇن مۇددەت تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ماگىستىر، دوكتور ئاسپىرانتلارغا دەرس ئۆتۈپ، مول خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىلىرىگە ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە كۆرۈنمە چاستوتا ۋە تەسۋىرلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئانالىز قىلىش، تەسۋىر بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە تېببىي ئىلمىدا قوللىنىش، زور سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە كۆپ مىقداردىكى تەسۋىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تەتقىقات يۆنىلىشلىرى بويىچە تەتقىقاتلارنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

خالىدە ئابدۇرېھىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندى تۈرىدىن ئىككىسىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە سەپلەنگەن تەتقىقات تۈرىدىن ئىككىسىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندى تۈرىدىن بىرىگە ئاساسلىق تاماملىغۇچى خادىم سۈپىتىدە؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار تەتقىقات فوند تۈرىدىن بىرىگە، مەكتەپ ئىنستىتۇت بىرلەشمە تەتقىقات تۈرىدىن ئىككىسىگە غوللۇق ئەزا سۈپىتىدە قاتناشتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئامېرىكا، گېرمانىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە خەلقئارالىق يىغىن ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇشلاردا بولدى.

ئۇ بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرنال ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى ۋە ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەككىز پارچىسى EI غا كىرگۈزۈلدى، بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تەبىئىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالىنىپ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئۈچ تۈرلۈك يۇمشاق دېتال لايىھەلەپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى، «MATLAB7.0 نىڭ تەسۋىر بىر تەرەپ قىلىشتا قوللىنىلىشى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. خالىدە ئابدۇرېھىم 2005 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى، مۇنەۋۋەر ئايال خىزمەتچى قاتارلىق كۆپلىگەن شان ـ شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولدى.

ئۇ ھازىر دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسى، مائارىپ مىنىستىرلىقى ئۇنۋان ۋە ئاسپىرانت مائارىپى تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ئۇنۋان ئىلمىي ماقالىسىنى باھالاش مۇتەخەسسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ تۈر باھالاش مۇتەخەسسىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور تۇردى ئەھمەد

## 图尔迪·艾合买提教授




تۇردى ئەھمەد، ئۇيغۇر، 1928 - يىلى 11 - ئايدا قاراشەھەر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات بۆلۈمىدە ئوقۇپ، 1959 - يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەن. 1959 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈركىي تىللار ئاسپىرانتلىق سىنىپىدا ئوقۇغان. 1961 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ماگىستىرانت يېتەكچىسى، جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى تۈركىي تىللار تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1981 - يىلى دوتسېنت، 1988 - يىلى پروفېسسور بولغان، 1990 - يىلى پېنسىيەگە چىققان. 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە 72 يېشىدا ۋاپات بولغان.

پروفېسسور تۇردى ئەھمەدنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى ساھەسىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ ھارماس - تالماس بىر تۆھپىكار باغۋەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالىي مائارىپ سېپىدە 40 يىلدىن كۆپرەك جاپالىق ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات پېنى قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، دەرسلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپە قوشقان. جۈملىدىن ئۇ تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىرانتلارغا ئىلگىرى - كېيىن ئون نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرسلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزى تۈزگەن. 1980 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە تۈركىي تىل - ئەدەبىيات كەسپى بويىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، يېقىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما تەتقىقاتى قاتارلىق يۆنىلىش بىلەن بەش قارار ئاسپىرانت قوبۇل قىلىپ، 30 نەپەرگە يېقىن ماگىستىر تەربىيەلىگەن. ئۇ ئالىي مائارىپ سېپىدە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن 1992 - يىلى 10 - ئايدىن تارتىپ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. ئۇ ئاسپىرانتلارنى يېتەكلەپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى دىيالېكت رايونلىرى، شۇنىڭدەك ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، يۇغۇر، سالا قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر جايلاشقان خوتەن، خېلوڭجياڭ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق باشقا ئۆلكە ۋە رايونلارغا بېرىپ ئەمەلىي تىل تەكشۈرۈشلەردە بولۇپ، بۇ ساھەدە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇ ئېلىمىز ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر قايسى تەركىبىي قىسمىدا ئىزچىل ھەل بولماي كەلگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ساھەسى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇ نەتىجىلەر ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تىلى» (ئىككى قىسىم) دېگەن ئەسىرى ۋە «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيەسى» قاتارلىق بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» (1957 - يىل، ئىككى قىسىم)، «ئۇيغۇر تىلى» (1981 - يىل، ئىككى قىسىم)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، 1989 - يىل) دېگەن تۆت پارچە ئەسىرى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇلار ئىچىدە «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەسىرى دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسىپداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىرىلغان «سوۋېت تۈركولوگىيەسى» ژۇرنىلىدا مەخسۇس سەرلەۋھەلىك ماقالە بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەسىرى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۇتاش دەرسلىكى سۈپىتىدە قايتا - قايتا نەشر قىلىنغان ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1992 - يىلدىكى مۇنەۋۋەر دەرسلىكلەرنى باھالىشىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 1989 - يىلى چىڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت تىلشۇناسلىرى» دېگەن نوپۇزلۇق كىتابتا مەشھۇر تىلشۇناسلار قاتارىدا تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

# پروفېسسور زىبىبۇللا ئىسمايىل

## 孜比布拉•司马义教授



زىبىبۇللا ئىسمايىل 1962 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قاراشەھەر ناھىيەسىنىڭ دەنزىل يېزىسىدا تۇغۇلغان. پروفېسسور، دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

زىبىبۇللا ئىسمايىل 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆز فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1989 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىسادىي جۇغراپىيە كەسپى بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان. 1995 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە بېيجىڭ تىل - مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا فرانسۇز تىلى ئۆگەنگەن. 1996 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ،1997 - يىلى 3 - ئايدىن 2003 - يىلى 6 - ئايغىچە فرانسىيەنىڭ تولۇز (Toulouse) ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپ پەنلەر شەھەر تەتقىقات مەركىزىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغان. 2004 - يىلى 9 - ئايدىن 2006 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى دوكتور ئاشتى كۆچمە پونكىتىدا پوستدوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2006 - يىلى 12 - ئايدا پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

زىبىبۇللا ئىسمايىل فرانسىيەدىكى كۆپ پەنلەر شەھەر تەتقىقات مەركىزىدە «دۇنيادىكى ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى» توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ فرانسۇز تىلىدا يازغان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى شىنجاڭ شەھەرلىرىگە ئائىت ئەڭ سىستېمىلىق ئەسەر بولۇپ قالغان. ئۇ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەھەر پىلانلاش ۋە شەھەر تەرەققىياتى كەسپلىرى بويىچە ئوقۇتۇش، تەتقىقات خىزمىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «شەھەر جۇغراپىيەسى»، «شەھەر پىلانلاش»، ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا «شەھەر جۇغراپىيەسى تەتقىقاتى»، «شەھەر پىلانلاش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلمەكتە.

زىبىبۇللا ئىسمايىل «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول بويلىرىدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ شەھەرلىشىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ سىجىل تەرەققىيات ئەندىزىسى ھەققىدە» قاتارلىق بەش تۈرلۈك دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات تۈرىدىن ھازىرغىچە ئۈچ تۈرنى تاماملاپ بولغان. ئۇنىڭ 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەھەرلىشىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئۇنىۋېرسال سەۋىيەسىنىڭ ماسلىشىش دەرىجىسى ھەققىدە ئانالىز» ناملىق ماقالىسى 2013 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان تەبىئىي پەنلەر بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «كورلا شەھىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۆلچەملىك يەر باھاسىنى بېكىتىش»كە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يازغان «مەدەنىيەت جۇغراپىيەسى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى بېيجىڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە «يەر ئىقتىسادى»، « شەھەر - بازار ۋە يېزا يەرلىرىنى پىلانلاش» قاتارلىق دەرسلىك كىتابلارنى تۈزگەن. ئۇ يېقىندا تاماملىغان «شىنجاڭ جۇغراپىيەسى» مەجمۇئەسىنىڭ «شىنجاڭ شەھەرلىرى» قىسمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

زىبىبۇللا ئىسمايىل يەنە شىنجاڭدا فرانسۇز تىلى ئوقۇتۇش شارائىتىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، فرانسۇز تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 400 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فرانسىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە چىقىپ ئوقۇشى ئۈچۈن تىل ئاساسىنى سالغان. ئۇ تەربىيەلىگەن نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار فرانسىيەدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ۋە تولۇق كۇرس بويىچە ئوقۇماقتا.

زىبىبۇللا ئىسمايىل جۇڭگو جۇغراپىيەشۇناسلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىقتىسادىي جۇغراپىيەشۇناسلىرى جەمئىيىتى، جۇڭگو شەھەر تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ چەتكە چىقىپ ئوقۇغانلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پىروفېسسور پەخرىدىن ھېسامىدىن

## 帕哈尔丁·伊沙米丁教授



پەخرىدىن ھېسامىدىن، ئەر، ئۇيغۇر، 1972 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1990 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مائارىپ مىنىستىرلىقى چەت ئەلدە ئوقۇش فوندىنىڭ تاللىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى لومونوسوف نامىدىكى موسكۋا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاخبارات كافېدراسىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. شۇ يىلى لېكتور بولۇپ باھالانغان. ئۇ ئاخبارات كەسپى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقىتىش ئىلمى، ئاخباراتچىلىق كەسپىي ئەخلاقى قاتارلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتكەن. 1998 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورلۇق نۇقتىسىدا دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملىغان. 2002 ـ يىلى دوتسېنتلىق، 2007 ـ يىلى پىروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. پەخرىدىن ھېسامىدىن ئوقۇتۇش، تەتقىقاتتىن باشقا يەنە، 2006 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

پىروفېسسور پەخرىدىن ھېسامىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش سېپىدىكى 15 يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىنى تارقىتىش ئىلمى، ئاخبارات ئەمەلىيىتى، مەدەنىيەت ھالقىغان تارقىتىش، شىنجاڭ ئاخبارات تارىخى، ئاز سانلىق مىللەت ئاخباراتچىلىقى، ئاخبارات مائارىپى قاتارلىق جەھەتلەرگە قارىتىپ، بەلگىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. دۆلەتلىك دەرسلىك «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئاخبارات تارقىتىش ئومۇمىي تارىخى»(خەنزۇچە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى) نى تۈزۈشكە قاتناشتى. ئۇنىڭ يەنە ئۆزى مۇستەقىل تاماملىغان «ئاخبارات زىيارەت يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»(خەنزۇچە، جۇڭگو تىياتىر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى)، «شىنجاڭ ئاخبارات تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»(خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى) ناملىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن سىرت، مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئىلمىي ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

پەخرىدىن ھېسامىدىن 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ «شىنجاڭ ئاخبارات تارىخى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر گېزىت ـ ژۇرنالچىلىق تارىخى تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئاخبارات مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

پەخرىدىن ھېسامىدىن 2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ماگىستىرلىق نۇقتىسىنىڭ تۇنجى قارار ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىلىكىگە بېكىتىلگەن. ھازىرغا قەدەر ئاخبارات ئەمەلىيىتى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە بەش قارار 32 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. نۆۋەتتە يەنە 19 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتنى يېتەكلىمەكتە. ئۇ 2009 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيە يېتەكچىسى بولۇپ باھالانغان.

پەخرىدىن ھېسامىدىن دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاخبارات تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو تارقىتىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ چەت ئەلدە ئوقۇغانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپلىك پىروفېسسورى.

www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور مەھبۇبە رەھىم
# 曼合布拜·热合木教授



مەھبۇبە رەھىم. ئايال، ئۆزبېك، پروفېسسور، 1959 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان، 1969 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1978 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا قوللىنىشچان ماتېماتىكا كەسپىدە ئوقۇغان، پۈتتۈرگەن يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئېلىپ قېلىنىپ مائارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. 1984 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە نەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1992 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا بىئوماتېماتىكا بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان، خىزمەت جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلغان. 1996 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى دىففېرېنسىئال تەڭلىمىلەر ئوقۇتۇش كافېدراسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 2002 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى دىففېرېنسىئال تەڭلىمىلەر ئوقۇتۇش كافېدراسىنىڭ باش مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ ئاساسلىقى دىففېرېنسىئال تەڭلىمىلەر نەزەرىيىسى ۋە بىئوماتېماتىكا مودېلى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 2008 ـ يىلىدىن 2009 ـ يىلىغىچە كانادادىكى McMaster ئۇنىۋېرسىتېتىدە بىلىم ئاشۇرغان.

بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا McMaster ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەتقىقات تۈرى (Dynamical Behavior of dengue fever) گە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن.

ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھىم ئىلمىي ژۇرناللاردا 10 نەچچە پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت پارچە ماقالىسى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان تەبىئىي پەنلەر مەجمۇئەسى (SCI) ۋە تېخنىكا پەنلەر مەجمۇئەسى (EI) دا ئېلان قىلىنغان.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككى تەتقىقات تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۆلەتلىك تەبىئىي پەن فوندى، مائارىپ مىنىستىرلىقى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات نۇقتىلىق تۈرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ تەتقىقات پىلانى نۇقتىلىق تۈرى قاتارلىقلارغا قاتناشقان. 2006 ـ يىلى پروفېسسور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەمدە شۇ يىلى ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى بولغان. ھازىرغىچە بىر ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن، نۆۋەتتە يەنە سەككىز ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى بار. ئۇنىڭ 1995 ـ يىلى يازغان 《Buondedness and stability for nonautonomous cellular neural networks with delay》 ناملىق ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 9 ـ نۆۋەتلىك تەبىئىي پەنلەر بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك ئەلا ماقالە بولۇپ باھالانغان، بۇنىڭدىن باشقا 《Existence of periodic solution on nonautonomous cooperative system with difusion》 ناملىق ماقالىسى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك ياشلار ئىلىم ـ پەن يىللىق يىغىنىدا 3 ـ دەرىجىلىك ئەلا ماقالە بولۇپ باھالانغان. 1996 ـ يىلى شياۋداۋكاڭيۇ ۋە شىشىڭ رىنسەي 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2002 ـ يىلى مەكتەپ دەرىجىلىك دەرس ئۆتۈش مۇسابىقىسىدە ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1993 ـ يىلى ۋە 2004 ـ يىلى گۇاڭخۇا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 2006 ـ يىلى «ئۆگىنىش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار خىرمەنچى» بولۇپ باھالانغان. 2007 ـ يىلى تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش خىزمەت سەۋىيىسىنى باھالاش خىزمىتىدە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان.

بىز پروفېسسور مەھبۇبە رەھىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىدا يەنىمۇ زور ئۇتۇق قازىنىشىغا تىلەكداشمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 木合塔尔·扎日教授

# پىروفېسسور مۇختەر زارى



مۇختەر زارى، 1960 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باي ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، پىروفېسسور، دوكتور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش» ئىلمى بويىچە باشلامچى تەتقىقاتچى، «قېزىلما بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى» مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق كەسىپنىڭ مەسئۇلى، «شىنجاڭ گېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان» مەكتەپ دەرىجىلىك سەرخىل دەرسىنىڭ مەسئۇلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېئولوگىيە ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

مۇختەر زارى 1983 - يىلى 2 - ئايدا سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى گېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆز فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان، 1988 - يىلى لېكتورلۇق، 1994 - يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. 2000 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەن تېخنىكا تايانچىلىرىنى تەربىيەلەش پىلانىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى(ۋۇخەن) گە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىغا ئەۋەتىلگەن، 2001 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ مەزكۇر مەكتەپكە تۇزۇلمە گېئولوگىيەسى كەسپى بويىچە دوكتورلۇققا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. 2004 - يىلى 6 - ئايدا سانائەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

مۇختەر زارى خىزمەتكە قاتناشقان 29 يىلدىن بۇيان ئىزچىل گېئولوگىيە ئىلمى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، رايونلار تۇزۇلمە گېئولوگىيەسى ۋە كان مۆلچەرلەش يۆنىلىشى بويىچە تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندىدىن بىرگە، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە، شۇنداقلا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى تۈرىدىن بىرگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندىدىن 6 سىگە ئاساسلىق ئەزا سۈپىتىدە قاتنىشىۋاتىدۇ.

ئۇ ھازىرغىچە بىر مەخسۇس ئەسەر (2012) نەشر قىلدۇردى، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىدىن ئىككىسىنىڭ ئاساسلىق تۈزگۈچىسى بولدى. ئۇنىڭ ئىككى پارچە ماقالىسى 2005 - ۋە 2009 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە 2009 - يىلى باۋگاڭ مائارىپ فوندى تەمىنلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ 1994 - يىلدىن بۇيان جەمئىي 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان يازغان 10 نەچچە پارچە ماقالىسى دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ۋە يادرولۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىرغىچە كان قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش كەسپى بويىچە 20 دىن ئارتۇق ماگىستىرانت تەربىيەلىدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز گېئولوگىيە ئىلمى ساھەسىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش، پەن قۇرۇلۇشى، كەسىپ قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، شۇنداقلا دەرسلىك تۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن كاتىپى ۋە مۇئاۋىن ھەيئەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ساھىپجامال دۆلەت

## 沙依甫加马丽・多来提教授



ساھىپجامال دۆلەت، ئۇيغۇر، نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن دوكتور، پروفېسسور، ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ساھىپجامال دۆلەت 1968 - يىلى 10 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1980 - يىلى 9 - ئايدىن 1985 - يىلى 7 - ئايغىچە چىرا ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1985 - يىلى 9 - ئايدىن 1990 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1990 - يىلى 9 - ئايدىن 1994 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. ئاندىن ئۇنىۋېرسىتېتتا قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ساھىپجامال دۆلەت 1995 - يىلى 10 - ئايدىن 1996 - يىلى 7 - ئايغىچە ئىتالىيە نەزەرىيە فىزىكا تەتقىقات مەركىزىدە (ICTP) بىر يىل ئوقۇغان. 1996 - يىلى 10 - ئايدا دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىدا بىر يىل ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1997 - يىلى 9 - ئايدىن 2000 - يىلى 8 - ئايغىچە گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا ئىنستىتۇتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەزەرىيىۋى فىزىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا نەزەرىيە فىزىكىسى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان. 2000 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2002 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2002 - يىلى 3 - ئايدىن 2004 - يىلى 1 - ئايغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەزەرىيە فىزىكىسى گۇرۇپپىسىدا پوستدوكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 2004 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. پروفېسسور ساھىپجامال دۆلەت 2004 - يىلى 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، 2005 - يىلى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، 2007 - يىلى 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئىتالىيە خەلقئارا نەزەرىيىۋى فىزىكا تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 2004 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2003 - يىلى 10 - ئايدا، 2004 - يىلى 2 - ئايدا، 2006 - يىلى 8 - ئايدىن 2007 - يىلى 2 - ئايغىچە، 2008 - يىلى 3 - ئايدا تەكلىپكە بىنائەن ياپونىيە يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك تېزلەتكۈچ تەتقىقات مەركىزى (KEK) دە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

پروفېسسور ساھىپجامال دۆلەت ئىككى ئۆلچەملىك كۋانت مەيدان نەزەرىيىسى ۋە زەررىچىلەر فىزىكىسى ساھەسىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا يىگىرمە پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بولۇپمۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇش جەريانىدا ئىشلىگەن خىزمىتى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولۇپ خەلقئارادىكى داڭلىق فىزىكا ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

پروفېسسور ساھىپجامال دۆلەت 10 قېتىم چەت ئەللەردىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا، سەككىز قېتىم مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە جۇڭگودىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىلمىي دوكلات بەرگەن.

پروفېسسور ساھىپجامال دۆلەت دۆلەتلىك تەبىئىي پەن تەتقىقات فوندىغا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات فوندىغا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېتەكلىق يارىتىش فوندىغا ئېرىشىپ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تۈرلىرىنى تاماملىدى. نۆۋەتتە يەنە بىر دۆلەتلىك تەبىئىي پەن تەتقىقات فوندىدىن ئالغان تەتقىقات تۈرىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

ھازىر ساھىپجامال دۆلەت مەملىكىتىمىزنىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك مۇدىر ئەزاسى، شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك مۇدىر ئەزاسى، ئىتالىيە ئابدۇسالام خەلقئارا نەزەرىيىۋى فىزىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ھەمكارلاشقۇچى ئەزاسى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىدا 10 نەپەر ئاسپىرانتنى تەربىيىلىمەكتە. بىز پروفېسسور ساھىپجامال دۆلەتنىڭ بۈگۈندىن كېيىنمۇ نەزەرىيىۋى فىزىكا ساھەسىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆپلەپ يارامىلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ شىنجاڭنىڭ پەن - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشىشىغا تىلەكداشىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## پىروفېسسور رەخمەتۇللا ھەسەن

## 热合木吐拉•艾山教授



پىروفېسسور، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى رەخمەتۇللا ھەسەن 1969 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى لوپ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1976 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە لوپ ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ ۋە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1987 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، باكلاۋۇرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2006 - يىلدىن 2009 - يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلەر تارىخى» تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، تارىخ پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1992 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 2004 - يىلى 11 - ئايدا دوتسېنت، 2009 - يىلى 11 - ئايدا پىروفېسسور بولۇپ باھالانغان.

رەخمەتۇللا ھەسەن خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان مائارىپ مىنىستىرلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار قوللىغان تەتقىقات تېمىسىدىن بەشكە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە باشقا سەككىز تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. «جۇڭگو چېگرا رايونلار تارىخ - جۇغراپىيەسى تەتقىقاتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا «ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىتانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائىي تەسىرى» قاتارلىق 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئېلان قىلىپ، يەرلىك تارىخ تەتقىقاتىغا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان. ئۇنىڭ «يېقىنقى زاماندىكى رۇسىيە تاتارلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونىنىڭ 10 - قېتىملىق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر جەدىت مائارىپى ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلىمىزدىكى تارىخشۇناس ئالىملارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە «دۇنيا تارىخى»، «ئارخىپ باشقۇرۇش ئاساسلىرى» ناملىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش - تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدا يازغان «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى» دېگەن ئەسىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ يەنە «جۇڭگو يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدىن ئاساس»، «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ تارىخى» قاتارلىق بەش خىل كەسپىي ئاساسىي پەنلەر ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ شىنجاڭ تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق قوش تىل مائارىپى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى.

# پروفېسسور ئۇمىد خالىق
# 玉米提．哈力克教授



ئۇمىد خالىق، ئۇيغۇر، پروفېسسور، ئېكولوگىيە ئىلمى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ئۇمىد خالىق 1966-يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1982-يىلى 7-ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1982-يىلى 9-ئايدىن 1987-يىلى 7-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىدە ئوقۇغان. 1990-يىلى 7-ئايدا «قۇرغاق رايونلارنىڭ بىئولوگىيىلىك بايلىقلىرىنى قوغداش» كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1990-يىلىدىن 1996-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئاسسىستېنت، لېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1996-يىلى شاڭخەي تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا گېرمان تىلى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1997-يىلى 5-ئايدىن 2002-يىلى 11-ئايغىچە گېرمانىيە بېرلىن پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇھىت پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان.

پروفېسسور ئۇمىد خالىق تاماملىغان «شىنجاڭنىڭ ھەسەل مەنبەلىك ئۆسۈملۈكلىرى بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» ناملىق ئاسپىرانتلىق ماقالىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە (1993-يىلى) ۋە ئۇيغۇرچە (1995-يىلى) ئىككى خىل تىلدا نەشىر قىلىنغان ھەم 1993-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن-تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ تاماملىغان « قۇرغاق رايونلاردا شەھەر كۆكەرتىشنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاساسلىرى — تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق شەھەرلىرى مىسالىدا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى 2003-يىلى 5-ئايدا گېرمانىيىدە گېرمان تىلىدا نەشىر قىلىنغان. 450 مىڭ خەتلىك بۇ ئەسەر تا بۈگۈنگىچە گېرمانىيىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شىنجاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئاساسلىق قورال كىتاب بولۇپ كەلمەكتە.

پروفېسسور ئۇمىد خالىق تولۇق كۇرس ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارغا «مۇھىت ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئېكولوگىيىلىك پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش»، «لاندشافت ئېكولوگىيىسى»، «مۇھىت ئېكولوگىيىسى ئىلمى»، «شەھەر ئېكولوگىيىسى ئىلمى»، «ئايلانما ئىقتىساد ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى» قاتارلىق 10 نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن بىرگە، كۆپ تەرەپلىمە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېكولوگىيىسى تەتقىقات ساھەسىدە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

2002-يىلىدىن بېرى، ئۇ «تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىگە مىقدارلىق باھا بېرىش» ئاساسلىق تېما قىلىنغان يەتتە تەتقىقات تۈرىگە مەسئۇل بولۇپ، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە تەتقىقات نەتىجىسى جەھەتتە بەلگىلىك يېڭىلىق ياراتقان. 2004-يىلىدىن بېرى، ئۇ يەنە جۇڭگو-گېرمانىيە ھەمكارلىقىدىكى «شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدا كۆمۈر قاتلاملىرىغا ئۆزلۈكىدىن ئوت كېتىش ئاپىتىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش»، «توغراق ئورمىنىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتىنى مىقدارلىق دەلىللەش» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە جۇڭگو تەرەپتىن باشچىلىق قىلىپ، ئىلمىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەتبۇئات ۋە نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا تۆت پارچە ئىلمىي كىتاب، 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، گېرمانىيە بېرلىن پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بوستانلىق ئېكولوگىيىسى نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىنىڭ تەتقىقات تايانچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياش پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، گېرمانىيە خەلقئارا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش مەركىزى (DAAD) نىڭ شىنجاڭدىكى ئالاھىدە ۋەكىلى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

# پىروفېسسور مۇتەللىپ ئەھمەد

## 穆塔里夫•阿赫迈德教授



مۇتەللىپ ئەھمەد، ئۇيغۇر، 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يەكەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، پىروفېسسور، ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە «تۆتتە ياخشى ئوقۇتقۇچى».

مۇتەللىپ ئەھمەد 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە دالىيەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا مېخانىكىلىق لايىھەلەش ۋە ياساش كەسپىدە تولۇق كۇرستا ئوقۇغان. 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئوتتۇرا جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى كەسپى بويىچە ئىشلەپ تۇرۇپ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. 2000 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر پەن ـ تېخنىكا تايانچ خادىملىرىنى ئالاھىدە تەربىيەلەش تۈرىگە تاللىنىپ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەربىيەلەنگەن. 2005 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2006 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ياپونىيە توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 2008 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا ئىستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كالىفورنىيە ئىشتاتلىق سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۆگىنىش ۋە زىيارەتلەردە بولغان.

پىروفېسسور مۇتەللىپ ئەھمەد 1986 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ماشىنىسازلىققا دائىر كەسپلەردىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «مېخانىكا پىرىنسىپلىرى»، «مېخانىكىلىق لايىھەلەش» قاتارلىق، ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا «پەرق نەزەرىيەسى ۋە سانلىق قىممەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش»، «مېخانىزم ئانالىزى ۋە ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش»، «ھازىرقى زامان لايىھەلەش نەزەرىيەسى ۋە ئۇسۇللىرى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلمەكتە. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە يۇقىرىقى دەرسلەرنىڭ ئوقۇتۇشىغا ئائىت ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ۋە ئۈچ پارچە دەرسلىك كىتاب نەشر قىلدۇرغان، ئىككى قېتىم ئوقۇتۇش تەتقىقاتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مۇتەللىپ ئەھمەد ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، دۆلەت، ئۆلكە ۋە باشقا دەرىجىدىكى كۆپلىگەن تەتقىقات تۈرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان ياكى قاتناشقان. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەش پارچىسى SCIغا، 10 پارچىسى EIغا كىرگۈزۈلگەن. ئىككى پارچە ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 2 ـ دەرىجىلىك ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

پىروفېسسور مۇتەللىپ ئەھمەد مەملىكەتلىك «مېخانىكا پىرىنسىپلىرى» دەرسى ئوقۇتۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر «مېخانىكىلىق لايىھەلەش» دەرسى ئوقۇتۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى، غەربىي شىمال رايونى ئالىي مەكتەپلەر «مېخانىكا پىرىنسىپلىرى» دەرسى ئوقۇتۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى؛ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەر «مېخانىكا لايىھەلەش» ئوقۇتۇشى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى ھەمدە مېخانىزم ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى مائارىپى بىرلەشمىسى ئېنېرگىيە دىنامىكا ئوقۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە كادىرلار نازارىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالىغۇچىسى.

维普资讯 http://www.cqvip.com

www.uyghurkitap.com

# دوتسېنت مۇھەممەت ئەيسا جامى

## 穆罕默德·艾萨加米副教授



مۇھەممەت ئەيسا جامى. ئەر، ئۇيغۇر، ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيىسىدىن. ئۇ 1957 - يىلى 10 - ئايدا ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ جام يېزىسى تۆۋەنكى تۇمەن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە جام يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇغان. 1977 - يىلى 3 - ئايدىن 1978 - يىلى 2 - ئايغىچە جام يېزىسى 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1978 - يىلى 2 - ئايدىن 1983 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1983 - يىلى 2 - ئايدىن هازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ، هازىرغىچە فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا «جۇڭگو هازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات»، «كىنو - تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر تىياتىر ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۇيغۇر پروزىچىلىق تارىخى تەتقىقاتى» قاتارلىق 10 خىلغا يېقىن دەرس ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر تىياتىر ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۇيغۇر پروزىچىلىق تارىخى تەتقىقاتى» قاتارلىق دەرسلەرنى يوقىلۇقتىن، بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ، 2001 - يىلىدىن باشلاپ، هازىرغىچە فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتلىرى ئۈچۈن، «ئۇيغۇر تىياتىر ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئۇيغۇر ئاياللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر يازغۇچىلىرى تەتقىقاتى»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىياتىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تىياتىر تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى.

مۇھەممەت ئەيسا جامى ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش ھاياتىدا، ئوقۇتۇش بىلەن تەتقىقاتنى ئىزچىل بىرلەشتۈرۈپ ماڭدى. ئۇ، ئۆزى ئۆتكەن دەرسلەر ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر پروزىچىلىقى، ئۇيغۇر درامىچىلىقى تەتقىقاتىغا ئائىت 80 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونىمىز ھەم مەملىكەت دائىرىسىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ «قاھار جىلىلنىڭ پروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر قەدىمكى زامان درامىچىلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «‹قوتادغۇبىلىك› نىڭ دراملىق خۇسۇسىيىتى»، «ئۇيغۇر هازىرقى زامان درامىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش» (باشقىلار بىلەن بىللە) ناملىق كىتابى 1992 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «كىنو ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالە - ئوبزورلار توپلىمى 1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن، «ئۇيغۇر هازىرقى زامان درامىچىلىقى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى 2001 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن. «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى 2007 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ «‹جۇئېنلەي› فىلمىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى» ناملىق ماقالىسى 1992 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇيغۇر هازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان دراما تەتقىقاتى» ناملىق چاتما ماقالىسى 2001 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىننىڭ پروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى 2002 - يىلى شياڭگاڭ خەلقئارا مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن «خەلقئارا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى» غا، ئاپتور ئۆزى 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر كىنو ئوبزورچىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇھەممەت ئەيسا جامى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن دەرسلىك قۇرۇلۇشى تەتقىقاتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ساھەدىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە پۈتۈن كۆنلۈك ئالىي مەكتەپلەر، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ۋە ھەرقايسى كەسپىي ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن بىر تۈتاش دەرسلىك بولغان «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» (باشقىلار بىلەن بىللە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى)، «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى — بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات قىسمى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى» (پايدىلىنىش ماتېرىيالى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى)، «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىياتى» (كوللېكتىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى) قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزدى. «جۇڭگو هازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشرى)، «ئېستېتىكا ۋە ئېستېتىك تەربىيە» (شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى 2003 - يىلى) قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى. 1995 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىلگەن «ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراما تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» نى مۇستەقىل ئىشلەپ پۈتتۈردى، ھەمدە 1997 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى «يېڭى تارىخى باسقۇچتىكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» نى، 1996 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەستىقلىغان دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇھىم ئەسەرلەر تەتقىقاتى» نى ئىشلەشكە قاتناشتى. يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن 1996 - يىلى دوتسېنتلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى تەرجىمىھالى بىلەن بىللە 2001 - يىلى «جۇڭگودىكى مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى.

مۇھەممەت ئەيسا جامى هازىر جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو لۇشۈن تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوف

## 米尔苏里唐•乌斯曼诺夫研究员



مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى، تەتقىقاتچى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس، دوكتورانتلار يېتەكچىسى.

مىرسۇلتان ئوسمانوف 1929 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت شەھىرى ئاقكەنت يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1932 - يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇغان ۋە 1943 - يىلى ئىلى بىلىم يۇرتىنى پۈتكۈزگەن. 1951 - يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان ھەم شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1957 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، 1965 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىقتىن دەرس ئۆتكەن، شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە خىزمەت قىلغان. 1980 - يىلى 11 - ئايدىن 1989 - يىلىغىچە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1989 - يىلىدىن باشلاپ 1997 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان. 1987 - يىلى تەتقىقاتچى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئالاھىدە تۆھپىكار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»ى بولۇپ باھالانغان. 1989 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە ش ئۇ ئا ر بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەرنى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلى «دۆلەت دەرىجىلىك تۆھپىكار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان. 2005 - يىلى قەشقەردە ئېچىلغان «مەھمۇت كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا «دىۋان تەتقىقاتىدىكى تۆھپىكار ئالىم» دېگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولغان.

مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ 1964 - يىلى تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدى بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابى يېڭى يېزىقتا نەشر قىلىنغان. ئۇ 1977 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە قاتناشقان ۋە ئىككى تومىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان يېڭى يېزىق نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇ يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» قاتارلىقلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە بۇ لۇغەتلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» ش ئۇ ئا ر بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 1991 - يىلى تىلشۇناس مەترەھىم سايىت بىلەن بىرلىشىپ تۈزگەن «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1988 - ، 1989 - يىللىرى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىتابنى تۈزۈشكە قاتناشقان. 1990 - يىلى ئۇ يازغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1997 - يىلى ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 1999 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى شۇ كىتابنىڭ قىسقارتىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق كىتابى 1999 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 2004 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلغان. 2005 - ، 2006 - يىللىرى ئالىم مىرسۇلتان ئوسمانوف لوپنۇر مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدە ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن قايتا ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى» ناملىق كىتابنىڭ كېڭەيتىلگەن يېڭى نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىرسۇلتان ئوسمانوف «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۇيغۇرچە يېڭى، مۇكەممەل نۇسخىسىنى تۈزىتىپ بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ يەنە ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تەشكىللىگەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە تەتقىقات تېمىسى «ئورخۇن ئابىدىلىرى سۆزلۈكى»نىڭ كەسپىي يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ۋېنېرا مۇساجان

## 维尼拉·木沙江教授




ۋېنېرا مۇساجان، 1960 ـ يىل 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ئۇيغۇر. پروفېسسور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 1991 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە، ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 2001 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق زىيارەتچى مۇتەخەسسىسلىككە ئەۋەتىلگەن. 2006 ـ يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. جۇڭگو سۇنئىي ئەقلىي ئىقتىدار جەمئىيىتى تەبىئىي تىللارنى بىر تەرەپ قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشى — كومپيۇتېردا تەبىئىي تىللارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۇچۇر ئىزدەش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىقلار. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەت دەرىجىلىك، ئۆلكە ـ مىنىستىرلىك دەرىجىلىك بەش پەن تەتقىقات تۈرىگە ئاساسلىق قاتناشقۇچى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى تۈرىنىڭ، بىر تۈر دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكى تۈرىنىڭ، بىر تۈر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە نۇقتىلىق پەن تەتقىقات ياردەم تۈرى پىلانىنىڭ پەن تەتقىقات تۈرى. 2001 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنىڭ تۈرى «ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، خەنزۇچە كۆپ تىللىق، كۆپ يۆنىلىشلىك ئۇچۇر ئىزدەش ماتورىنىڭ ھالقىلىق تېخنىكىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئېچىش» تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى نۇقتىلىق ژۇرناللاردا ۋە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا «ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە تولۇق تېكىستلەرنى ئىزدەش ماتورىنىڭ ئىزدىگۈچىسىنىڭ ھالقىلىق تېخنىكىلىرىنى تەتقىق قىلىش»، «ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە تور ئۇچۇرلىرىنى ئىزدەشنى ئەۋزەللەشتۈرۈش» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئوقۇدى ۋە ئېلان قىلدى. «ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە تولۇق تېكىستلىق ئۇچۇر ئىزدەش ماتورى يۇمشاق دېتالى»، «ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە كۆپ يۆنىلىشلىك لۇغەت» قاتارلىق ئىككى تۈردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك پاتېنت ئىدارىسى تەرىپىدىن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئاپتورلۇق ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. ئۇ تۈزۈشكە قاتناشقان «ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئېلېكترون ئۇچۇر تېخنىكىسى لۇغىتى» ئاخبارات ـ نەشرىيات باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «3 يۈز» ئىجادىي كىتابلارنى نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئىككى قېتىملىق «جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇچۇر ۋە تىل بىر تەرەپ قىلىش خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى»غا رىياسەتچىلىك قىلغان.

ۋېنېرا مۇساجان ئىزچىل تۈردە ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەپ كەلدى. تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا «سانلىق مەلۇمات قۇرۇلمىسى»، «سانلىق قىممەت ھېسابلاش ئۇسۇلى ئانالىزى ۋە لايىھىلەش»، «c تىلىدا پروگرامما لايىھىلەش»، «سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسى پرىنسىپى»، «Fortran تىلىدا پروگرامما لايىھىلەش»، «كىرىشتۈرمە مەشغۇلات سىستېمىسى» قاتارلىق ئون نەچچە خىل نۇقتىلىق دەرس ۋە كەسپىي ئاساس دەرسلىرىنى، ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا «كومپيۇتېردا تەبىئىي تىللارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ يىللىق ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كەلدى ھەمدە ئىزچىل تۈردە ئوقۇتۇش سۈپىتى ئەلا بولدى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئۈچ تەربىيە بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر ئايال خىزمەتچى»، «گۇاڭخۇا مۇكاپاتى»، «10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «ئايال تۆھپىكارلار ئۈلگىسى» قاتارلىق شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى. پروفېسسور ۋېنېرا مۇساجاننىڭ تېنىنىڭ ساغلام، ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

# پروفېسسور ئەركىن ئابدىلىم

## 艾尔肯·阿不都力木教授



ئەركىن ئابدىلىم، ئۇيغۇر، 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، پروفېسسور،ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا ئىلمى ۋە تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

ئەركىن ئابدىلىم 2000 ـ 2001 يىللىرى ياپونىيە توكيو مۇساشى سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ياپونىيە توكيو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولدى.

ئەركىن ئابدىلىم تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارغا ئاساسلىقى يېقىنقى زامان فىزىكا تەجرىبىسى، رادىياتسىيە فىزىكىسى، يادرو رادىياتسىيە فىزىكىسى ۋە ئۆلچەش، رادىياتسىيەدىن مۇداپىيەلىنىشتىن قاتارلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش جەريانىدا تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ئىلمىي تەتقىقاتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، دەرسلەرنى جانلىق، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئۆتتى، ھەمدە ئوقۇتۇشتا ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتتى، شۇنداقلا ئىلمىي تەتقىقاتتا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئەركىن ئابدىلىم ئاساسلىقى يادرو تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، رادىياتسىيەدىن مۇداپىيەلىنىش جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇپ،ھازىر دۆلەتلىك تەبىئىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ تەتقىقات تېمىسىدىن ئىككىسىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ھەمدە دۆلەتلىك تەبىئىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ ئىككى تېمىسىغا ھەمكارلىشىپ قاتنىشىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە بۇ ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 20 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

ئەركىن ئابدىلىم بۇ نەتىجىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا 2007 ـ يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى، شۇ يىلى يەنە ماگىستىرانت يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. بىز پروفېسسور ئەركىن ئابدىلىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىگە ۋە تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشىمىز.

维普资讯 http://www.cqvip.com

# پروفېسسور ئەنۋەر هامۇت
# 艾尼瓦尔·阿木提教授



ئەنۋەر هامۇت، ئەر، ئۇيغۇر، پروفېسسور، دوكتور، دوكتور يېتەكچىسى. ئۇ 1952 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى 9 - ئايدىن 1969 - يىلى 7 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 32 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1969 - يىلى 9 - ئايدىن 1971 - يىلى 2 - ئايغىچە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان.

پروفېسسور ئەنۋەر هامۇت 1971 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن توقسۇن ناھىيە ئاۋانگارت كۆڭشېنىڭ تەرجىمانى، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، ئالدىن مەلۇم قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، سېكرېتارى، ئاخبارات تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، سېكرېتارى، شىنجاڭ قىزىلسۇ يېزا خىزمەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتار، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2000 - يىلى يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەنۋەر هامۇت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

دوكتور ئەنۋەر هامۇت ئۆز هايات مۇساپىسىدە ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەندىن سىرت يەنە ئوقۇش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلغان. ئۇ 1977 - يىلى 2 - ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يەر شارى فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1988 - يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرغان. 1992 - يىلى 9 - ئايدا ۋە 2004 - يىلى 10 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئامېرىكا سىنتىنار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ۋە ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1993 - يىلى 9 - ئايدىن 1994 - يىلى 7 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان. 1993 - يىلى 9 - ئايدىن 1996 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇش كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان. 2002 - يىلى 3 - ئايدىن 2003 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا بىلىم ئاشۇرغان. 2002 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە دالىيەن سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتلىقىدا ئوقۇپ دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەن.

پروفېسسور ئەنۋەر هامۇت ئالىي مەكتەپلەردە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن، ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىزچىل ئاسپىرانت ۋە دوكتورلارغا دەرس ئۆتۈپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەنمۇ هارماي شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش بويىچە شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى 6.8 بال يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ، دۆلەت ئۆلكە مىنىستىرلىك پەن - تېخنىكىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىلگىرىلەش مۇكاپاتىغا، يەنە بىر تۈر ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «نېفىت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى»، «رەھبەرلىك ئېلىمىدىن قىسقىچە بايان» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ جەمئىيەتتە زور تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنداقلا ھەرقايسى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا «نېفىت مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە سىياسىيغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنىڭ ئۇنۇمى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «غەربىي رايونلارنى ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىش جەريانىدىكى ئەۋزەللىكلىرى ۋە چەكلەش ئامىللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش» قاتارلىق 22 پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلىپ كەسپداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

ئۇ هازىر جۇڭگو باشقۇرۇش پەنلىرى ئاكادېمىيىسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئاكادېمىكى، روسىيە ئالتاي چېگرا رايون دۆلەتلىك سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي دوكتورى، قازاقىستان شەرق سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، جۇڭگو خەلقئارالىق مائارىپ ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ خەلقئارالىق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، 2002 - يىللىق خەلقئارالىق ئاسىيا تىنچ ئوكيان مۇھىتىنى يىراقتىن تەكشۈرۈپ پەرق ئېتىش ئىلمىي مۇھاكىمە چوڭ يىغىنىنىڭ پەخرىي مۇئاۋىن رەئىسى … قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ قوشۇمچە ئۆتىمەكتە.

بىز پروفېسسور، دوكتور ۋە دوكتور يېتەكچىسى ئەنۋەر هامۇتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاسپىرانت ۋە دوكتورلارنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۇلۇش تۆھپىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ھەسەن ماموت

## 艾山・马木提教授



پروفېسسور ھەسەن ماموت 1934 - يىلى 8 - ئايدا قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1940 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە شەھەر ئىچى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1948 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپتە ۋە يېڭى مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە قومۇل دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ مەكتەپتە ۋە كېيىنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا تاكى 1984 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ يۆتكەلگەن، 1992 - يىلى فاكۇلتېت مۇدىرى بولغان. 1982 - يىلى دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانى، 1992 - يىلى پروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىنى ئالغان.

پروفېسسور ھەسەن ماموت يېرىم ئەسىرلىك مائارىپچىلىق ھاياتىدا، بىر تەرەپتىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي تەتقىقات، دەرسلىك تۈزۈش، ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن لېكسىيەلەر»نى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، 1970 - يىللىرى ۋە 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا شۇ تۈردىكى ئالىي مەكتەپ چەت ئەل ئەدەبىياتى دەرسلىكى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا مۇھىم ھەسسە قوشقان. يەنە «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» (جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى، ئىككى كىتاب) قاتارلىق دەرسلىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. پروفېسسور ئابلەت ئۆمەر قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» (ئىككى قىسىم، 1996 - يىلى) ناملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. بۇ كىتاب مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «سېرۋانتېس ۋە ئۇنىڭ ‹دونكىخوت› رومانى ھەققىدە»، «ھاملېت ۋە شېكسپېر»، «ئۇلۇغ يازغۇچى، ئۆچمەس ئوبراز»، «غېرىب - سەنەم ئوپېراسى ھەققىدە مۇلاھىزە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. 1970 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەشكىللىگەن «لۇشۈن ئەسەرلىرى» تەرجىمە گۇرۇپپىسىدا ئىككى يىلغا يېقىن ئىشلەپ، لۇشۈننىڭ «ساختا ئەركىنلىكنامە» (فېلىيەتونلار توپلىمى)نى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، «لۇشۈن ھەققىدە ھېكايىلەر»، «ئەدەبىي ئوچېركلار توپلىمى»نى مۇستەقىل تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرلەر 1975 - ، 1976 - يىللىرى نەشر قىلىنغان. «مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى» (1994 - يىلى) نىڭ كوللېكتىپ تەرجىمىسىگە ۋە تەرجىمە تەھرىرلىكىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ «گۈلىستان توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. پروفېسسور ھەسەن ماموت 1994 - ، 2002 - ۋە 2006 - يىللىرى ئۈچ قېتىم شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

پروفېسسور ھەسەن ماموت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيەتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيەتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئەسقەر ھەمدۇللا

## 艾斯卡尔·艾木都拉教授

ئەسقەر ھەمدۇللا، ئەر، 1972 - يىلى تۇغۇلغان، دوكتور (ئاشتى)، پروفېسسور، دوكتورانت يېتەكچىسى.



ئەسقەر ھەمدۇللا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر «كومپيۇتېر قوللىنىش تېخنىكىسى» پەنلىرىنىڭ يېتەكچىسى، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى قوللاش پىلانى» غا كىرگۈزۈلگەن مۇتەخەسسىس. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك «ئون مەشھۇر ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئىلىم بېرىش، ئادەم تەربىيەلەش»تىكى ئىلغار شەخس، مەملىكەتلىك «باۋشەن پولات - تۆمۈر شىركىتى مائارىپ فوندى» بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئەسقەر ھەمدۇللا مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى ياش پەن - تەتقىقات خادىملىرى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئەسقەر ھەمدۇللانىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقاتلىرى ئۇيغۇرچە ئاپتوماتىك ئاۋاز تونۇش ۋە ئاۋاز بىرىكتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇچۇر ئىزدەش، ئۇچۇر بىخەتەرلىكى، تەبىئىي تىل - يېزىق ئۇچۇرلىرىنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، تەتقىقات تېمىلىرىدا قويۇق رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىدۇ. ئەسقەر ھەمدۇللا كۆپ يىللىق ئىزدىنىش ۋە جاپالىق تەتقىقات داۋامىدا مول پەن تەتقىقات ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىگە شۇنداقلا زور ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئىگە بولدى. ئۇ كۆپ مىقداردىكى ئەۋرىشكە ۋە ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان تەجرىبە سۇپىسى ھازىرلىدى، ئىجتىھات بىلەن تەربىيەلەش داۋامىدا جەڭگىۋار ۋە ئىزچىل بولغان تەتقىقات قوشۇنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئۆز تەتقىقاتلىرىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ژۇرنال ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا جەمئىي 150 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى ۋە ئوقۇدى. 30 دىن ئارتۇق تۈردىكى يۇمشاق دېتالنى لايىھەلەپ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ئەسقەر ھەمدۇللا بۇ نەتىجىلىرى بىلەن بوشىشىپ قالماستىن داۋاملىق تۈردە پەن تەتقىقاتنى قانات يايدۇرماقتا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېلېكترون - ئۇچۇر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيەلىك تېخنىكا خادىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرمەكتە.

www.uyghurkitap.com

# دوتسېنت ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات

# 艾西热甫·阿布都拉副教授



ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات، ئۇيغۇر، 1962 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى توقسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات 1970 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە توقسۇن ناھىيەسىنىڭ يىلانلىقتىكى بوستان باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1980 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1991 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئالىي مەكتەپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش سىنىپىدا، 1999 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پارس تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان. 2004 ـ يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات 30 يىلغا يېقىن ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلارنىڭ دىسسېرتاتسىيە تېمىسىنى ئېچىش ۋە دىسسېرتاتسىيەسىنى باھالاش خىزمەتلىرىگە قاتناشقاندىن سىرت، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش لايىھەسى»نى، «كەسپىي ئوقۇتۇش لايىھەسى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىلىق ئىجتىمائىي پەن تۈرى سەرخىل دەرس «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»نى نۇقتىلىق ئۆتكەندىن باشقا، «ئۇيغۇر پەلسەپە ئىدىيە تارىخى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئېپىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ژانىر تەتقىقاتى»، «فارابىيشۇناسلىق»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› تەتقىقاتى»، «‹قۇتادغۇ بىلىك› تەتقىقاتى»، «قوچۇ ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «سۆھبەتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ش ئۇ ئا ر نىڭ «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋە مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى دەرسلىك پىلانى تۈرى»گە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2012 ـ يىلى نەشرى) كىتابىنى، يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ئۈچىنچى تومى (1993 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1998 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (ئىككى توم، 2002 ـ يىل نەشرى)، «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2002 ـ يىل نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان. «‹ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى› دەرسىنى ئۈنۈملۈك ئۆتۈش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر ئون چوڭ مەسىلە» قاتارلىق تېمىلاردىكى بىرقاتار ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا «خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹خەمسە›نى يېزىشقا دائىر مەسىلىلەر»، «‹قۇتادغۇ بىلىك›تىكى يارقىن تەسەۋۋۇر، ئۈچ تۈۋرۈكلۈك ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ۋە «ئەسىرلەر ئابىدىلىرى ــ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق مەخسۇس تەتقىقات ئەسىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرى «يېزىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى «ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىقلارغا قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىشلىگەن «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» تۈرىنىڭ كىتابى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىم ـ فامىلە قوللانمىسى»نى، «دۆلەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان. بىيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ماقالىلىرى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ــ ‹قۇتادغۇ بىلىك›»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالە توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىغا دائىر 400 تەتقىقات تېمىسى بىلەن فارابى، گابائىن خانىم، خېۋىر تۆمۈر قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىيوگرافىيەسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ ئىستۇدېنتلارنى يېتەكلەپ قەشقەر، نىيە، چاقىلىق، لوپنۇر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، بۇيۇملىرىنى توپلاپ، بۇيۇملارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى يېزىشقا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى»دىكى مۇھىم بىر تۈر بولغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى»نىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان. ئۇ يۇقىرىقى نەتىجىلىرى بىلەن ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئۈچ قېتىم مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى دېگەن شەرەپلەرگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ كارىز تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر

## 谢尔甫丁·乌买尔教授



پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر (1932 ـ 2002) قازاقىستان ياركەنت ناھىيەسىنىڭ ئاچىنوچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1944 ـ 1949 ـ يىللىغىچە غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا، 1950 ـ 1953 ـ يىللىغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئىنستىتۇتتا ئەلاچى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن ئوقۇغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ھەم ئوقۇش تۈگىتىپ ئۆز فاكۇلتېتىغا ئېلىپ قېلىنىپ تاكى 1956 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1956 — 1959 ـ يىللىرى تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاكى 1992 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

ئۇستاز شېرىپىدىن ئۆمەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە بىر ئۆمۈر دەرس ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى تەربىيەلىگەن. يەنە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» يۆنىلىشى بويىچە تۇنجى قېتىم ماگىستىرانت يېتەكچىسى بولۇپ، ئاسپىرانتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇ بۇ جەرياندا «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، «ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. جۈملىدىن، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق دەرسنى 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىپ، بۇ دەرسنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كېيىنكى ئۇزاق يىللىق دەرسلىك بولۇپ مۇقىملىششىنىڭ ئاساسىنى سالغان. ئۇ يەنە دەرسلىك قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى بولغان ئۈچ توملۇق «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (1993 — 1996 ـ يىللىرى نەشرى) نى يېزىشقا قاتناشقان.

ئۇستاز شېرىپىدىن ئۆمەر بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە ئالاھىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ 1951 ـ يىلى «ئالغا گېزىتى»گە بېسىلغان «سېغىنىمغا» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، «كاككۇك يەنە سايرىدى»، «ئىجادكارلار»، «ئالۋاستى»، «بۇ نېمىنىڭ كۆلەڭگىسى» قاتارلىق 20 پارچىگە يېقىن پوۋېست، ھېكايە، فېلىيەتونلارنى ئېلان قىلغان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» (1982 ـ يىلى)، «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات» (1988 ـ يىلى)، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم، 1996 ـ يىلى)، «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئۈچ قىسىم، 1998 ـ يىلى) قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (1998 ـ يىلى نەشرى) ناملىق خەنزۇچە كىتابنى يېزىشقا قاتنىشاشقان. يۇقىرى ئورۇننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق تەتقىقات تۈرىنى تاماملىغان. 20 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

ئۇستاز شېرىپىدىن ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش سېپىدىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن 1982 ـ يىلى دوتسېنتلىق، 1986 ـ يىلى پروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىنى ئالغان. گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مائارىپ ساھەسىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ ئەنگە ئېلىنىپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇستاز شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ تەرجىمىھالى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن « ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى»(1995 ـ يىلى) ناملىق قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇستاز شېرىپىدىن ئۆمەر ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەت ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ تۇرغان. ئۇ ھايات چېغىدا ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيتى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى، «قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي جەمئىيتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيتى» قاتارلىقلارنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئايگۈل مامۇت

## 阿依古丽•马木提教授



ئايگۈل مامۇت، ئايال، ئۇيغۇر، 1968 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماناس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، پروفېسسور، دوكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا ۋە سىستېما پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. قوللىنىشچان ماتېماتىكا ئىلمىي گراف نەزەرىيەسى يۆنىلىشى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى.

ئايگۈل مامۇت 1993 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 2007 ـ يىلى يەتتىنچى ئايدا قوللىنىشچان ماتېماتىكا يۆنىلىشى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە كانادادا، 2011 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2012 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئامېرىكىدا زىيارەتچى تەتقىقاتچى سالاھىيىتىدە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 1994 ـ يىلى لېكتور، 2003 ـ يىلى دوتسېنت، 2013 ـ يىلى پروفېسسور بولۇپ باھالانغان.

ئايگۈل مامۇت خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە پائال ئىشلەپ كەلگەندىن باشقا ئۆز تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندى تۈرى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈردىن تۆتكە يېتەكچىلىك قىلغان، ئالتىسىگە قاتناشقان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق سۈپەتلىك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ئايگۈل مامۇت ھازىرغا قەدەر، «گۇاڭخۇا ئالاھىدە مۇكاپاتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە «ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىكى مۇنەۋۋەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچى» مۇكاپاتى، «ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتى»، «مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات خىزمەتچىسى» مۇكاپاتى قاتارلىقلارغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوچۇق دەرس ئۆتۈش مۇسابىقىسىدە «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالانغان. ئۇندىن باشقا، ئۇ ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە تەبىئىي پەنلەر تۈردىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشتا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

www.uyghurkitap.com

## پروفېسسور ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق
## 阿合买提 • 苏来曼 • 库图鲁克教授



پروفېسسور ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق 1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باي ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى تارىخشۇناسلىق كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنلىغان. 1992 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە ئارخېئولوگىيە كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى پۈتكۈزگەن. 1994 ـ يىلى لېكتور، 2000 ـ يىلى دوتسېنت، 2013 ـ يىلى پىروفېسسور بولغان. ماگىستىر ئاسپىرانتلار يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى .

پروفېسسور ئەھمەد سۇلايمان تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئۇيغۇر تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىيالشۇناسلىقى»، «ئارخېئولوگىيە نەزەرىيەسى»، «ئېتنولوگىيە نەزەرىيەسى»، «ئېتنىك ئارخېئولوگىيە»، «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى»، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» قاتارلىق كەسپىي دەرسلەرنى، ماگىستىرانتلار ۋە دوكتورانتلارغا «ئۇيغۇر تارىخى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخى يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى. دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسىدىن بىرنىگە، مىنىستىرلىك تەتقىقات تېمىسىدىن بىرنىگە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقات تېمىسىدىن ئىككىگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە بىرقانچە تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ـ كەسپىي ژۇرناللاردا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. بىر پارچە ئەسىرى مەملىكەتلىك كەسپىي ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، بىر پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككى پارچە ئەسىرى ئايرىم ـ ئايرىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ساساكاۋا رىيوئىچى، كوجىما ياسۇتاكا، گۇاڭخۇا ئوقۇتۇش مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن.

پروفېسسور ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق ھازىرغىچە مۇستەقىل ھالدا «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»؛ «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار». «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى تەتقىقاتىنىڭ 60 يىلى» دېگەن ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان؛ بۇنىڭ ئىچىدە «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابى ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛

ئۇ يەنە مۇستەقىل ھالدا ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى»(1 ـ قىسىم) «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىدىن كونسۇلتاتسىيە»، «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى»؛«تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ـ تارىخ»، «جۇڭگو تارىخى»؛ «دۇنيا تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك دەرسلىك قۇرۇلۇشىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشقا ھەسسە قوشقان.

پروفېسسور ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر نۇقتىلىق تەتقىقات بازىسى بولغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەرەققىياتى تەتقىقات بازىسى»نىڭ پەن تەتقىقات يېتەكچىسى؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى كەسپىي خادىمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ ـ مەدەنىيەت سارىيىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ ـ مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ،جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ،شىنجاڭ كۇسەنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ئىلمىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئابلىز ھېمىت
# 阿布力孜·伊米提教授



ئابلىز ھېمىت، 1960 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە پەن ـ تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتورانت يېتەكچىسى.

ئابلىز ھېمىت 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1989 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئىنگلىز تىلى كۆچەيتىش سىنىپىدا ئوقۇغان، 1991 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپون تىلى ئۆگەنگەن. 1996 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە ياپونىيە مېيسېي ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان.

ئۇ 1998 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ يوكوخاما دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتورىيەسىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، 2003 ـ يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە يوكوخاما دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا «دوكتۇر ئاشتى» تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابلىز ھېمىت 2004 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە پەن ـ تېخنىكىسى ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كېلىپ، «ئوپتىك خىمىيەۋى سېنزور تەتقىقات تەجرىبىخانىسى» نى قۇرۇپ چىقتى، 2005 ـ يىلى ماگىستىرانت يېتەكچىسى، 2010 ـ يىلى دوكتورانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە، 2006 ـ يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىرغىچە 22 نەپەر ماگىستىرانت تەربىيەلىدى، 80 نەپەر تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلدى. نۆۋەتتە 1 نەپەر دوكتورانت، 9 نەپەر ماگىستىرانتقا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلىرىنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇللىرى، سەزگۈرلىكى ۋە تاللاشچانلىقى يۇقىرى ئوپتىك گاز سېنزورى ياساش، نانومېتىر قېلىنلىقتىكى گازغا سەزگۈر فىلىملەرنى سىنتېز قىلىش قاتارلىق تېمىلار بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقئارا ئانالىز خىمىيە ساھەسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرنال .Anal. Chem ( تەسىرچانلىق كۆرسەتكۈچى IF=5.8)، مۇھىت ئىلمى ساھەسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرنال Environ. Sci. Technol (IF=5.2) قاتارلىق خەلقئارا ژۇرناللاردا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئىنگلىزچە، ياپونچە ۋە خەنزۇچە تىللاردا 120 پارچە تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە SCI ۋە EI غا كىرگۈزۈلگەنلىرى 50 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇ يەنە «تۇزۇلۇش خىمىيەسى(ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى)»، «خىمىيە ۋە تۇرمۇش» قاتارلىق 4 پارچە كىتابنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. «ئالىي مەكتەپ خىمىيە تەجرىبىلىرى» ناملىق كىتابنى تۈزۈشكە قاتناشقان.

ئابلىز ھېمىت 2005 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەتلىك تەبىئىي پەن تەتقىقات فوندى تۈرىدىن 3 كە، مۇئارىپ مىنىستىرلىقى تەتقىقات تۈرىدىن 1 گە، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي پەن تەتقىقات تۈرىدىن 2 گە رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەش جەريانىدا، ھەر خىل مېتال ئوكسىدلىرى، يۇقىرى مولېكۇلالىق بىرىكمىلەر ۋە گازلارغا سەزگۈر ماتېرىياللاردىن 65 خىلدىن ئارتۇقنى سىنتېزلەپ چىقىپ، ئۇلاردىن نانومېتىرلىق نېپىز فىلىملەرنى ياساپ، يۇقىرى سەزگۈرلۈكتىكى ئاممىياك گازى سېنزورى، ئوزون گازى سېنزورى، ھىدرو سولفىد گازى سېنزورى، فورمالدېھىد گازى سېنزورى(بۇ تۈر دۆلەت دەرىجىلىك پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى) ۋە بېنزول قاتارلىق پارلىنىشچان ئورگانىك بىرىكمىلەرگە سەزگۈر بولغان گاز سېنزورلىرىنى كەشپ قىلدى.

ئابلىز ھېمىت يېتەكچىلىك قىلىپ تاماملىغان «بېنزول تۈرىدىكى پارلىنىشچان ئورگانىك بىرىكمىلەر ۋە كىسلاتالىق گازلارنى ئۆلچەيدىغان يورۇقلۇق دولقۇننى ئوتكۈزگۈچى خىمىيەۋى سېنزور تەتقىقاتى» پەن ـ تېخنىكا نازارىتى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ :«دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن» دەپ بېكىتىلدى ۋە 2010 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئېلان قىلغان ماقالىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشتا 1 ـ، 2 ـ (2 قېتىم) ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

2009 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە ئابلىز ھېمىت ئۇدا تۆت قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە «ماگىستىرانتلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالاندى. 2007 ـ يىلدىن 2011 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە ماگىستىرانتلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات خادىمى، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسېرتاتسىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى قاتارلىق ناملارغا ئېرىشىپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو خىمىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، Talanta، سېزىش تېخنىكىسى ئىلمىي ژۇرنىلى قاتارلىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ژۇرناللارنىڭ تەكلىپلىك ماقالە باھالىغۇچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئابلەت ئۆمەر

## 阿布来提·乌买尔 教授



ئابلەت ئۆمەر (1938 ـ 2000) قەشقەر شەھرىدىن. قەشقەر شەھرىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1949 ـ 1952 ـ يىللىرى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1953 ـ يىلى مەكتەپ تەرىپىدىن تاللىنىپ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1958 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن تاكى 1998 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. كافېدىرا مۇدىرى، مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق مەمۇرى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن 1998 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان.

ئابلەت ئۆمەر ئالىي مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەش جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى ۋە مىللىي ئەدەبىيات مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ 250 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ۋە ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش»، «كىنو سەنئىتى توغرىسىدا»، قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى، «لۇشۈن فىليەتونلىرىدىن تاللانما»، «گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر»، «چەت ئەل ئەدىبلىرى ھەققىدە ھېكايە»، «مەڭلىغان تاغ ـ دەريالار»، «ۋۇسۇڭ» قاتارلىق كىتاب، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىگە دائىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما»(ئۈچ قىسىم)، «ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» قاتارلىق دەرسلىكلىرى بېسىلغان. دۆلەتنىڭ سەككىزىنچى بەش يىللىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن «ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى شىنجاڭدا» ناملىق تەتقىقات تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكى مۇھىم تۆھپىسى «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق دەرسلىكنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كىتاب 1979 ـ يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىق شەكلىدە ئىككى قىسىم قىلىنىپ بېسىلغان. بۇ كىتاب ئاساسىدا ئۆزى مەسئۇل بولغان، كوللېكتىپ تۈزگەن «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق كىتاب ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ، 1984 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى سۈپىتىدە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ كىتابنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى«ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»(ئىككى قىسىم) دېگەن نام بىلەن 1997 ـ يىلى قايتا نەشر قىلىنغان ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولغان. ئومۇمەن، ئابلەت ئۆمەر مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان بۇ دەرسلىك كىتاب مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى بويىچە بىردىنبىر ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئابلەت ئۆمەر يەنە ئۈچ قىسىملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نى يېزىپ چىققان ۋە خەنزۇچە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابنى تەھرىرلىگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر قانچە پارچە ئەدەبىي ئوبزورى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئابلەت ئۆمەر ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

www.uyghurkitap.com

# پىروفېسسور ئابدۇۋېلى ھېمت نىزامى

## 阿布都外力.依米提教授



ئابدۇۋېلى ھېمت نىزامى 1974 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كۇچا ناھىيەسىدە مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا پۈتكۈزۈپ، 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىدا ئىقتىساد پەنلىرى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. 2007 ـ يىلى9 ـ ئايدىن 2010 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئىجتىمائىي كاپالەت» كەسپىدە دوكتورانتلىقتا ئوقۇپ، شۇ يىللىق «ئون مۇنەۋۋەر دوكتورانت»نىڭ بىرى قاتارىدا ئوقۇشنى تاماملاپ، باشقۇرۇش پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2006 ـ يىلى دوتسېنت، 2011 ـ يىلى پىروفېسسور بولغان.

ئابدۇۋېلى ھېمت نىزامى مېھرىبان، تالانتلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا غەرب ئىقتىسادشۇناسلىقى، سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى، باشقۇرۇش ئىلمى قائىدىلىرى، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىلمىدىن ئومۇمىي بايان قاتارلىق 10 نەچچە خىل دەرسنى ئۆتۈش بىلەن بىرگە، داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدىمۇ مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەن.

ئابدۇۋېلى ھېمت نىزامى ئىلمىي تەتقىقاتتىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەتقىقات»ناملىق دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىغا؛ مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەتقىقات تېمىسىدىن بىرگە، مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىدىن بىرگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە نۇرغۇن تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىدا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. «شىنجاڭنىڭ 12 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى توغرىسىدا تەتقىقات» (ئىككىنچى ئاپتور، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى، خەنزۇچە)، «شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى يېڭىچە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى، خەنزۇچە) قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. خەنزۇ تىلىدا يازغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئابدۇۋېلى ھېمت نىزامى 1999 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «غالىبلار لوڭقىسى، مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنىڭ پەن تەتقىقات ئەسەرلىرى مۇسابىقىسى» دە ئىككىنچى دەرىجىلىك پەن ـ تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بىلەن سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 2002 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 5 ـ قېتىملىق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «جەنۇبىي شىنجاڭ ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى تىپىك نامرات ئائىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە» دېگەن تېمىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئەپسۇس! ئابدۇۋېلى ھېمت نىزامى 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. مەرھۇم غايىلىك، تىرىشچان ئىختىساس ئىگىسى ئىدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن بۈيۈك ئارزۇلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، قىسقىغىنە ھاياتىدا ياراتقان ئەمگەك مېۋىلىرى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغۇسى. مەرھۇمنىڭ ئىلىم سۆيەر، قەيسەرانە روھى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇپ قالغۇسى!

# ئابدۇرېشت ئىسلامى

## 阿布都热西提·伊斯拉米



ئابدۇرېشت ئىسلامى (ئابدۇرېشت داموللام، 1925 ـ 1889) مەكىت ناھىيەسىدىن، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدا دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، تىل ـ ئەدەبىيات، تۈركىي ـ چاغاتاي، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى شۇنداقلا بۇ تىللار ئارقىلىق ئەدەبىيات، ئېتىكا، كالامىزم، فىقھە، مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، ئىنشا قاتارلىق ئىلىملەرنى ئىگىلىگەن. ئۇ ئىزچىل ئۆزلۈكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بىلىملىك ۋە يارامىلىك بىر ئادەمگە ئايلانغان. ئۇ كېيىنچە مەكىت ناھىيەلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەكىت ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، مەكىت ناھىيەلىك يېڭى دېموكراتىزملىق ياشلار ھەرىكىتى رەھبەرلىك ئورگىنى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ ئۇرۇمچىدە يىغىنغا قاتناشقان. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ياركەند ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە قاغىلىق ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا كادىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ياركەند ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشتە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى (ئەينى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تېخى قۇرۇلمىغان) مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، تەتقىقاتچى، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 ـ 1962 ـ يىللىرى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1965 ـ يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق، قەدىمكى ئەسەرلەرنى يېغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دەرس مۇنبىرىدە «ئىسلام تارىخى»، «چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدا»، «چاغاتاي تىلىدىكى تېكىستلەردىن تاللانما» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.

ئابدۇرېشت ئىسلامى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان، باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئۇستازلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ مىسالى ئۇ تۈزگەن «شىنجاڭنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت كونا كىتابلار كاتولوگى» ناملىق قوللانمىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ كىتاب جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئۇستاز تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا «ھەيرەتۇلئەبرار»، «مەجالىسۇننەفائىس»، «دىۋانى بىلال»، «دىۋانى مەھزۇن»، «گۈل ۋە بۇلبۇل»، «دەھرۇننەجاد»، «كىتابىي غېرىپ»(پارچە)، «ماقالات»، «تەجەللى شېئىرلىرى» قاتارلىقلارنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە «تارىخىي رەشىدى ـ زەيلى»، «تارىخىي كاشغەر ۋە فەرغانە »، «رەۋزەتۇسسەفا»، «كاشغەر تارىخى»، «شەجەرەئىي تۈرك»، «قابۇسنامە» قاتارلىقلارنى پارس، تۈرك ۋە چاغاتاي تىللىرىدىن تەرجىمە قىلغان. «ئۇيغۇر شائىرى تەجەللى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مەسىلىسى» قاتارلىق ماقالىلارنى يازغان.

ئۇستاز ئابدۇرېشت ئىسلام ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر يېتىلگەن خەتتات ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ساھەدە ئىشلىگەن ئىشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، تۇردى ئەھمەد ئەپەندى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، 1980 ـ يىلى باستۇرۇلغان «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (چاغاتاي تىلى)ناملىق دەرسلىك كىتاب ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇ كۆچۈرۈپ چىققان. ئۇ يەنە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئەسەر تاللاش، تەھرىرلەش جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەرگەن. ئۇستاز ئابدۇرېشت ئىسلام ئىلمىي ئىجادىيەتتە «ئابدۇرېشت ئىسلامى»دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.

ئومۇمەن، ئۇستاز ئابدۇرېشت ئىسلام ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە سالاپىتى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ھۆرمەت تاپقان، بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان ئادەم ئىدى. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلار خەلقنىڭ قىممەتلىك بايلىقىغا ئايلىنىپ زامان ـ زامانلار ساقلانغۇسى، ئەسلەشنىڭ جانلىق ئۆلگىسى بولۇپ قالغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پروفېسسور ئابلىمىت ئەھەت

# 阿布里米提·艾海提教授



ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ، ئۇيغۇر، 1954-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ئاۋات ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى.

ئابلىمىت ئەھەت 1960-يىلدىن 1969-يىلى 7-ئايغىچە ئاۋات ناھىيەلىك 1-باشلانغۇچ ۋە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1969-يىلى 9-ئايدىن 1971-يىلى 7-ئايغىچە ئاۋات بازار دېھقانچىلىق مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1971-يىلى 10-ئايدىن 1978-يىلى 2-ئايغىچە بېشىرىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ۋە كاتىپ بولغان. 1978-يىلى 3-ئايدىن 1982-يىلى 2-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1982-يىلى 2-ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ 1991-يىلدىن 1995-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1994-يىلى دوتسېنت بولۇپ باھالانغان. 2001-يىلى ماگىستىرانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ھازىرغا قەدەر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت تىل-ئەدەبىيات كەسپى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە توققۇز قارار، جەمئىي 19 نەپەر ئاسپىرانت يېتەكلىگەن.

پروفېسسور ئابلىمىت ئەھەت 30 يىللىق ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرى جەريانىدا تولۇق كۇرس، ماگىستىر ۋە دوكتور ئوقۇغۇچىلارغا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر يېزىقلىرى تەتقىقاتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتايچە قوليازمىلار تەتقىقاتى»، «چاغاتاي تىلى گىراماتىكىسى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مەدەنىيىتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. ئۇ ئىزچىل ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن: ئۇ يازغان، تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 1991-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر تەتقىقات تۈرى بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «چاغاتاي تىلى» ناملىق دەرسلىك 1992-يىلى مۇنەۋۋەر دەرسلىك مۇكاپاتىغا، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» 2003-يىلى مۇنەۋۋەر تەتقىقات تۈرى بويىچە 3-دەرىجىلىك ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە قۇتادغۇ بىلىك»، «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى»، «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ئەخلاق دەستۇرى»، «ئىسكەندەرنامە»، «مەنتىقۇت-تەير»، «ئەخلاقۇل-مۇھسىنىن»، «سەددىقنامە»، «كىتابى ئابدۇللاھ» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتابى ھەر قايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان، 50 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئابلىمىت ئەھەت يەنە 1999-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ياردىمىدىكى ئىككى تۈرگە يېتەكچىلىك قىلىپ تاماملىدى. دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن ئىككىگە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن بىرگە قاتناشتى. ئۇ ھازىر دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ياردىمىدىكى ئالاھىدە تۈرنىڭ بىرى بولغان «شىنجاڭ ئاقسۇ رايونى تەۋەلىكىدىكى چاغاتايچە ۋەسىقىلەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تۈرىنى ئىشلىمەكتە.

ئابلىمىت ئەھەت جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار كېڭەش ئەزاسى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى.